بسم الله الرحمن الرحيم

مۇھەممەد يۈسۈپ

# ئانا

— كاتتىلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ —

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرياتى

# ئانا

## ــ كاتتىلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ ــ

ANNE | الأم


| | |
|---|---|
| مۇھەممەد يۈسۈپ | محمد يوسف محمد تورسون |
| 2026-يىلى ئاپرېل | ١٤٤٧هـ شوال |
| بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى |
| ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى | المطبوعات الإسلامية للطبع |
| لايىھە: ئا. ئاقھۇن | تصميم: ع. آقهون |

**ISBN:** 978-625-92504-0-3

ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا تارقىتىلىدۇ



تور بېتىمىز: https://dinhayat.com/

ئالاقىلىشىش ئې-خەت ئادرېسىمىز: muhammedzai571@gmail.com

ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئادرېسلىرىمىز: ئېكس: myusuf

فېيسبۇك: muhammed yusuf | ئىنستىگرام: imranjan31

ئىستانبۇل-تۈركىيە

﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾

«بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا (قىلىدىغان ياخشىلىق ۋە خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (بىز ئۇنىڭغا دېدۇقكى) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر».

[لۇقمان سۈرىسى: 14- ئايەت].

بۇ ئەسىرىمنى ئانامغا-تىلىمنى دەسلەپ ئىمانغا ئاچقان، قۇرئاننى ۋە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتكەن، مېنى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ، ئىسلامىي ئاڭدا يېتىشتۈرگەن ۋە ئوقۇشۇمغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ماڭا ئىلھام بەرگەن، ئەمما سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرەلمەي بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان مەرھۇمە ئانام پاتەمخاننىڭ مۇبارەك روھىغا بېغىشلايمەن.

ئاپتور —

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.......... 3
مۇئەللىپ ھەققىدە.......... 9
ئانىنىڭ رولى: مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى.......... 17
تارىخ ياراتقان ئانىلار: ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن قەھرىمانلىرىدۇر.......... 27
ئانا — يەر يۈزىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىنساندۇر.......... 36
ئانىنىڭ دۇئاسى — ئەرشئەلاغا يېتىدىغان نۇرانە شوتا.......... 39
قانۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان قەھرىمان ئاياللار.......... 44
ئانا — ئائىلىنىڭ يۈرىكى ۋە مىللەتنىڭ مەكتىپى.......... 50
ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى: ھاياتلىق بۆشۈكىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلەر.......... 52
قىزلار — ئائىلە گۈلزارىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر.......... 56
ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى: ئاياللارنى ھۆرمەتلەش.......... 59
ئاياللار ئايالسۇن!.......... 66
ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى: مەرىپەت نۇرى ۋە ھاياتلىق ۋەزىپىسى.......... 75
ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە ئانىلىق مېھنىتى.......... 81
ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتىكى ھەق-ھوقۇقلار: ئادالەت ۋە تەڭپۇڭلۇق.......... 86
ئائىلە بېغىنىڭ باھارى ۋە ئېپپەت قورغىنى — ئەدەپ.......... 97
پەرزەنت تەربىيەسى — ئاتا-ئانىنىڭ مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى رولى.......... 113
تەربىيەنىڭ ئالىي غايىسى.......... 130

زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئاياللار ۋە يانفون ئاپىتى.................................. 135
قانداق قىلغاندا ئۈلگىلىك ئانا بولغىلى بولىدۇ؟...................................... 137
يانفون مەستانىلىكىنى قۇرئان ئىشقىغا ئالماشتۇرۇش ........................... 141

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى كۆيۈمچان، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانالار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر يېگانە ياراتقۇچى، پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇنى چىن قەلبىمىزدىن مەدھىيەلەيمەن ھەمدە چەكسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىمەن. بىزنى ھىدايەت يولىغا باشلىغان، ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چەكسىز دۇرۇت-سالاملار ۋە دۇئالار بولسۇن. ئۇنىڭ پاك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساداقەتمەن ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ پارلاق سۈننىتىگە ئەگىشىپ ماڭغان پۈتۈن مۆئمىن قېرىنداشلىرىمغا ئىككى دۇنيادا تىنچلىق، ئامانلىق ۋە بەخت-سائادەت تىلەيمەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرزا ئەلشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن:

*«ئانا شەرەپ گەۋھەرىنىڭ كانى، بىل.*
*گەۋھەر كانى، ھەرنە دېسەڭ ئانى بىل.»*

بۇ سۆزلەر ئاددىي بىر بايان بولماستىن، بەلكى ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ روھىيىتىگە، قۇدرىتىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ھالقىلىق

ئورنىغا قارىتىلغان چوڭقۇر پەلسەپەۋى مەدھىيە. ھەقىقەتەن، ئانا دېگەن ئۇلۇغ زات سىزنى بەدەلسىز، شەرتسىز ۋە چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان، بارلىقىنى ئايىماي سىزگە تەقدىم قىلىدىغان بىردىنبىر ئىنساندۇر. ئۇ ھەتتا جېنىنىمۇ ئىككىلەنمەي پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز ئۇنىڭ خۇشاللىقى، سىزنىڭ غەمكىنلىكىڭىز ئۇنىڭ قايغۇسى. ئۇنىڭ قەلبى دەريادەك كەڭ، باغرى قۇياشتەك ئىللىق، روھىيىتى ئوتتەك جانلىق، پىداكارلىقى چەكسىز بولغان بىر ئادەمزاتتۇر. ئۇنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز مېھىر-شەپقەتنى دۇنيانىڭ مال-مۈلكى ياكى ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىسى بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس.

ئانىڭىزدىن باشقا ھېچكىم سىزنى بۇنداق بەدەلسىز، شەرتسىز سۆيەلمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بىر پەلسەپەۋى دەرس. ھەتتا سىزنىڭ ئۆز قان-جېنىڭىزدىن بارلىققا كەلگەن، يۈرەك پارىڭىز بولغان پەرزەنتلىرىڭىزمۇ سىزنى ئانىڭىز كەبى بەدەلسىز سۆيەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى بەلكىم سىزنىڭ ئۇلارنى بېقىپ، تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشقانلىقىڭىز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ، ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش ئەمەس، بەلكى ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر نۇقتىدۇر.

ھايات يولىڭىزدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىزنىڭمۇ سىزگە قارىتا سۆيگۈسى ئادەتتە بىر سەۋەب ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ بەلكىم سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز، ئارتۇقچىلىقىڭىز، ئۆتكۈر ئەقلىڭىز ياكى سىزدىن كېلىدىغان بىرەر پايدا-مەنپەئەت يۈزىدىن شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇنداق سۆيگۈ كۆپىنچە ۋاقىتلىق بولۇپ، سىزدىكى شۇ ئالاھىدىلىك ياكى پايدا يوقاپ كەتكەن ھامان، ئۇ دوستلارنىڭمۇ سىزدىن يىراقلىشىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. بۇ بىر رېئاللىق بولۇپ، ئىنساني مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن، ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدە بۇنداق شەرتلەر، بۇنداق ھېساب-كىتابلار يوقتۇر. ئۇ ھېچقانداق ماددىي ياكى مەنىۋى چىقىم بىلەن ئۆلچەنمەيدىغان، ھېچقانداق ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان مۇتلەق سۆيگۈدۇر.

ئانا – يالغۇزلا ئانا – سىزنى ھېچقانداق شەرتسىز سۆيىدۇ ۋە بولغىنىڭىزدەك قوبۇل قىلىدۇ. سىزدىكى ھەممە نەرسىنى، ھەتتا كەمچىلىكلىرىڭىزنىمۇ سۆيۈپ تۇرىدۇ. ئۇ سىزگە دائىم ياخشىلىق ۋە خەيرلىك تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى سىزنىڭ ئەڭ بەختلىك، ئەڭ باي ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى بولۇشىڭىزدۇر. ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن سىزدىن ھېچقانداق مۇكاپات ياكى تەشەككۇر كۈتمەيدۇ، سىزدىن ھېچقانداق بېغىش ياكى قۇربانلىق تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مۇكاپات، ئەڭ كاتتا بېغىش سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىز، چىرايىڭىزدىكى تەبەسسۇمىنىڭ جۇلالىنىشى ۋە ھاياتىڭىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرۈشتۇر.

ئانا شۇنداق بىر ئۇلۇغ زاتكى، ئەگەر ئۇنىڭدىن يىراقلاشسىڭىز، سىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، كۈندۈزلىرى كۆزلىرى يوللاردا، كېچىلىرى قوللىرى دۇئالاردا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسىڭىز، سىزنى دۇئا-تىلەكلىرى بىلەن ئورايدۇ، رازىلىقى بىلەن قورشايدۇ، مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان كۆز ياشلىرى بىلەن سۆيىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭغا يامانلىق قىلسىڭىز ياكى ئاسىيلىق قىلسىڭىزمۇ، يەنىلا سىزنى سۆيىدۇ، سىزگە ياخشىلىق تىلەيدۇ، سىز ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ ۋە قايغۇرىدۇ. بۇ ھېسسىيات غەزەپتىن ياكى نەپرەتتىن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ توغرا يولغا قايتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ، يىراقتىن قۇچاقلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ پىداكارلىق، بۇ كەڭ قورساقلىق دۇنيادا ئانىدىن باشقا ھېچكىمدە يوق. ئانا نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن سۆيۈملۈك زات-ھە! ئۇنىڭ بۇ روھىي كۈچى ۋە ئىرادىسى ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئانا سىز بىلەن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ، ھەربىر نەپىسىڭىزنى كۆزىتىدۇ، ھەربىر چىراي ئىپادىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ ئەندىشە قىلىدۇ. ئۇ سۈتى بىلەن سىزنى بېقىپ، ھاياتىڭىزنىڭ ئاساسىي مۇستەھكەملىكىنى يارىتىدۇ. قولى بىلەن تاماق بېرىدۇ، بەدىنىڭىزنى پاكىزلايدۇ، ئەڭ گۈزەل كىيىملەرنى كىيدۈرىدۇ، سىزنى كۆكسىدە كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەركىلىتىدۇ. سىزگە قوشاق ئېيتىدۇ، باللار ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ئۇخلىتىدۇ، ھاياتىڭىزنىڭ دەسلەپكى گۈزەل ئەسلىملىرىنى ئورناقلىشىدۇ. بۇ مېھىر-شەپقەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بۇ پىداكارلىقنىڭ تەڭداشسىزلىقى

كىمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماس؟! ئانىدىن بەك شەپقەتلىك ياكى مېھرىبان بىر ئىنساننى كۆردىڭىزمۇ؟ مېنىڭچە بۇنداق ئادەم يوقتۇر. ئانا – ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى.

ئانا ئۆزى يېمەي، سىز يېگەندىلا يەيدۇ؛ ئۆزى ئىچمەي، سىز ئىچكەندىلا ئىچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ قارنىڭىزنى تويغۇزۇش، تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرۇش ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئېھتىياجىدىن مۇھىم. ئۆزى ئۇخلىماي، سىز ئۇخلىغاندىلا ئۇخلايدۇ؛ ئۆزى ئارام ئالماي، سىز ئارام ئالغاندىلا ئارام ئالىدۇ. بۇ بىر ئۆمۈرلۈك قۇربانلىق. كېسەل بولۇپ قالسىڭىز، ئۇ تېخىمۇ كېسەل بولىدۇ، سىزنىڭ ئاغرىقىڭىز ئۇنىڭ قەلبىدە ئىككى ھەسسە ئازابقا ئايلىنىدۇ. ساقايسىڭىز تېڭ ساقىيىدۇ، قايغۇرسىڭىز تەڭ قايغۇرىدۇ، خۇشاللىقىڭىزدا جان-جەھلى بىلەن خۇشال بولىدۇ. كائىناتتا بۇنداق پاك ھېسسىيات ۋە ساپ خاراكتېرگە ئىگە باشقا بىر ئىنسان بارمۇ؟ مانا بۇ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇنىڭ چەكسىز مېھىر-شەپقىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئۆز بالىسىنىڭ ھاياتى بىلەن ئايرىلماس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئانا 365 كۈن (يەنى يىل بويى) دەم ئالماي، ھەتتا كېچە-كۈندۈز دېمەي ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق تەتىلى ياكى بىرەر دەم ئېلىش كۈنى يوق. ئۇنىڭ قەلبى ئائىلىسى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن ھەمىشە جىددىي ھالەتتە سوقۇپ تۇرىدۇ، ئۇخلىسىمۇ بالىلىرىنىڭ غېمى بىلەن ئۇخلايدۇ، ئويغانسىمۇ بالىلىرىنى ئويلاپ ئويغىنىدۇ، ئائىلىسىنىڭ بەخت-سائادىتى، بالىلىرىنىڭ ۋە جورىسىنىڭ راھىتى ئۈچۈن چېچىنى سۈپۈرگە قىلىدۇ، بۇ يولدا قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ راھىتىنى بولسا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. «ئاياللارنىڭ ئىشى يوق» دەيدىغانلار قېنى جاۋاب بېرىپ باقسۇن! دۇنيادا ئانىنىڭ ئىشىدەك تۈگىمەيدىغان، ھېچقانداق مائاش ئالمايدىغان، دەم ئالىدىغان كۈنلىرى بولمايدىغان، كېچە-كۈندۈز دېمەيدىغان، يىلدا بىرەر كۈنمۇ تەتىلى بولمايدىغان، ئۆز ئىچىدىن كەلگەن قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مىننەتسىز قىلىنىدىغان ۋە يىل بويى داۋاملىشىدىغان بىر ئىش بارمۇ؟ ئانىدىن باشقا قانداق بىر ئىنسان بۇنىڭغا چىدايدۇ؟

شۇڭا دېيىشكە بولىدۇكى، ئانا ـ «24 سائەتلىك» خىزمەتچى، ھەممە ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلالايدىغان «قەھرىمان»، بالىلىرى ئۈچۈن ھەمىشە جىددىي ھالەتتە تۇرىدىغان «ئەسكەر»، ئەمما ھېچكىم «مۇكاپات» ياكى «دەم ئېلىش» بېرىپ باقمايدىغان، «ماشىنا ئادەم»گە ئوخشاش ھارمايدىغان ئاجايىپ بىر ئىنساندۇر.

ئانىنىڭ پىداكارلىقى ھەققىدە مىڭلارچە داستانلار يېزىلسىمۇ، نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا شېئىر-قوشاقلار توقۇلسىمۇ، يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ، يەنىلا ئۇنىڭ چەكسىز قۇربانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە پىداكارلىقى ئۆلچەمسىز بىر ئېھسان بولۇپ، ھېچقانداق تىل، ھېچقانداق سۆز ئۇنىڭ چەكسىزلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت ئەزەلدىن تارتىپ مەدھىيەلەپ كېلىۋاتقان، ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر مۇقەددەس قىممەتتۇر.

مۇشۇنداق ئوي-پىكىرلەرگە چۆمگەن ھالدا، 2022- يىلى قازاقىستان دوستلۇق مەھەللىسىدىكى «تۇران» رېستورانىدا خەلقىمىز بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئوچۇق سۆھبەت جەريانىدا، شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئانىلار ماڭا ئانا توغرىسىدا بىر ئەسەر يېزىشىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىزغىن تەلەپلىرى قەلبىمدە چوڭقۇر ئەكس سادا بەردى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپلا بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە، ئانا ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا، ئۆزۈممۇ ئويغا چۆمۈشكە باشلىدىم. گەرچە ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ مۇبارەك تەلەپ ھېچقاچان ئېسىمدىن چىقمىدى. مانا بۈگۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن، قەلبىمدىكى ھېسسىياتلار قەلەمگە كېلىپ، ئانا توغرىسىدا يېزىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن. بۇ ئەسەرنىڭ ساۋابىنى مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان، دەسلەپ ئېغىزىمغا ئىمان سالغان، ئوقۇشۇمغا يول ئاچقان، ھېچبىر مۇرۇۋۋىتىمىزنى كۆرمەي بۇ ئالەمدىن ئايرىلغان مەرھۇمە ئانام پاتەمخانغا ۋە بار-يوقىنى ئاتاپ، يۈرىكىگە تاش قويۇپ، مېنى چەتئەلگە ئىلىم تەھسىل

قىلىشقا ئەۋەتكەن، دۆلىتىمنى كۆرەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم دادام مۇھەممەد تۇرسۇن ھاجىمغا ئاتىدىم. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن، ياتقان يېرىنى ئالىي جەننەتلەردىن قىلسۇن، ئامىن.

شۇنداقلا، بۇ ئەسەرنى مۇسۇلمان خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىلىملەر قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى رەببىمدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن. ئامىن!

مۇھەممەد يۈسۈپ
ھىجرىيە 1447-يىلى، رەجەب ئاينىڭ 12-كۈنى.
مىلادىيە 2026-يىلى 1-يانۋار.
ئىستانبۇل ــ تۈركىيە.

# مۇئەللىپ ھەققىدە

ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن 1968- يىلى10- فېۋرال كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدە ئىلىم-مەرىپەتلىك ئائىلە – مۇھەممەد تۇرسۇن ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھۆكۈمەت مەكتىپىگە كىچىك يېشىدىلا ئوقۇشقا كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللىدىكى يوشۇرۇن مەدرىسىدە ئاخشاملىرى «قۇرئان كەرىم»نى يادلاشقا باشلىغان.

1985 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش بىلەن بىرگە، قارىيلىقنىمۇ تولۇق تۈگەتكەن. شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا ئۇ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چوڭ جامەسىدە تۇنجى خەتمىنى ئۆتكەندە، كېرىيە خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ۋە كاتتا ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىلغا يېقىن ئەرەب تىلى ئۆگەندى. 1986 - يىلى ئۇنى ئاتىسى سەئۇدى ئەرەبىستانغا باردىغان ھاجىلارغا قېتىپ قويىدى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە ئوقۇشقا بارغان ۋە ئىككى ئايلىق ئەرەب تىلى كۇرسىدىن كېيىن، ئەزھەر ئىنىستىتۇتىنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن. تۆت يىللىق ئىنىستىتۇتنى مۇسابىقە ئارقىلىق ئۈچ يىلدا تۈگىتىپ، 1989- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشكەن.

1993 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تۈركىيەدە بىر يىل ئەرەب تىلى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۆگىتىشتىن مۇئەللىم بولغان. 1995- يىلى فېۋرال ئېيىدا ئۇ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىسىك شەھىرىگە كېلىپ ئۇ جايدىكى «قازاق-تۈرك ئىنىستىتۇتى» دا ئەرەب تىلىدىن

مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن قازاقىستاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، «ناماز ئوقۇش قائىدىسى»، «ئىسلام ئەقىدىلىرى»، «زاكات كىتابى»، «روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ نەشر قىلدۇردى. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ۋە بەزى كىتابلىرىنى قازاق قېرىنداشلار قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ «شافاغات نۇر» دېگەن ئايلىق قازاقچە ژۇرنالدا يىللارچە ئېلان قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ 70 يىل دىنسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر مەملىكەتتە، يىللاردىن بېرى كوممۇنىزم بىلەن سوتسىيالىزمنى ۋە دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىپ كەلگەن گېزىتلەردە تۇنجى بولۇپ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن دىنى ماقالە يازغان، كىشىلەرگە دىنىنى ئۆگەتكەن ئىدى.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن 2001- يىلىغىچە قازاقىستاندا ئەنە شۇنداق بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ۋە يېزىش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە دىنىنى توغرا يوسۇندا يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تەكلىپى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلەت رادىيوسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە دىكتور بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. 2005- يىلدىن 2023- يىلغىچە سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن ھازىر «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» تەركىبىدىكى «ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»نىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە كىتاب يېزىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ، «ئىككى دۇنيا سائادىتى» ناملىق بىر كىتابچە يازغان ۋە ئۇنى ۋەتەنگە

قېرىنداشلىرىغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار نۇسخىلارغا كۆپەيتىپ ئوقۇپ پايدىلانغان. ھازىر بۇ ئەسەر قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

## مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ پىكىر- قارىشى

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر-قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىك مۇتەئەسسىپلىكتىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن ھازىرغىچە 30 پارچىدىن كۆپرەك ئەسەر يازغانىنىڭ سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ۋە ئىنتېرنېت تورلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 2000 پارچىدىن ئاشىدۇ، 400 پارچىدىن كۆپرەك ئۈن ـ سىن پروگراممىسى ۋە ئايرىم سۆھبەت لېنتىلىرى تارقالغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋۇستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرى كۆپ تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ قازاقىستاندا نۇرغۇن كىتابلىرى كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەممە كىشى ئۇچۇن تولىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، تىلى راۋاندۇر. شۇڭا ھەركىم ئۇنى قەدىرلەپ ئوقۇيدۇ.

ۋەتەن ئىچىدىكى ۋە چەتئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇننى ئۇيغۇر تارىخىدا ئەڭ كۆپ مول ھوسۇللۇق دىنىي زىيالىي دەپ باھالايدۇ. ئۇ ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ۋە ئىسلامىي يازغۇچىدۇر.

### تۆۋەندە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 1996 - يىلى بىرىنچى نەشرى، ئىستانبۇل. 2002- يىلى ئىككىنچى نەشرى، ئىستانبۇل، 2010-يىلى ئۈچىنچى نەشرى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013 ـ يىلى مىسىردا، سىلاۋىيان

يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 2020- يىلى ئالمۇتىدا بېسىلغان.

2. «ئىسلام ئەقىدىلىرى» 1997 - يىلى بىرىنچى نەشرى، ئالمۇتا، سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 1998- يىلى ئىككىنچى نەشرى قەشقەردە ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2003 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتا قازاق تىلىدا، 2004- يىلى تۆتىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2005-يىلى ئالمۇتىدا سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2006-يىلى ئالمۇتىدا قازاق تىلىدا، 2008-يىلى سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2009-يىلى يەنە سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2010-يىلى يەنە سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2013 ـ يىلى ئالتىنچى نۇسخىسى مىسىردا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان. رۇسچە نەشرى ھازىر ئالمۇتىدا يورۇق كۆرۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

3. «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشرى 1998- يىلى ئالمۇتا سىلاۋيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2007-يىلى ئەرەب ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2008-يىلى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013- يىلى بېيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

4. «ناماز ھەققىدە ساۋات» 1998- سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى نەشرى ئالمۇتا، 2006-يىلى ئىككىنچى نەشرى ئالمۇتا، 2008 - يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى 2009-يىلى ئالمۇتا، 2010-يىلى بەشىنچى نەشرى ئالمۇتىدا ئالاھىدە رەڭلىك بېسىلدى. 2012-2013- 2014- 2016- يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى. 2020- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا رەڭلىك بېسىلغان.

5. «روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» 1999- يىلى ئالمۇتىدا بىرىنچى نەشرى ئەرەب ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2004- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

6. «دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغدايلى» («يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى)، 1999 - يىلى

بىرىنچى نەشرى ئالمۇتىدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2005- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

7. «زاكات كىتابى» 2003- يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، 2018- يىلى ئىككىنچى نەشرى يەنە ئىستانبۇلدا بېسىلغان.
8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» 2004-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
9. «ئىلاھىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005- يىلى ، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010- يىلى، ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بېيرۇتتا، بەشىنچى نەشرى 2013- ئىستانبۇلدا، ئالتىنچى نەشرى 2016 _ يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.
10. «غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004- يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان.
11. «ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» 2005-يىلى بىرىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا، 2007-يىلى ئىككىنچى نەشرى سەئۇدى ئەرەبىستان پايتەختى رىيازدا، 2009- يىلى ئۈچىنچى نەشرى ئالمۇتىدا سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011- يىلى مەككىدە، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.
12. «ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى ئالمۇتىدا سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010- يىلى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013- يىلى ئىستانبۇلدا، بەشىنچى نەشرى 2017- يىلى ئىستانبۇلدا ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان.
13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009-يىلى بېيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ بېسىلغان.
14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2012-يىلى بېيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرى 2013- يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2020- يىلى سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر

تىلدا ئالمۇتىدا بېسىلغان.

15. «دىن ۋە ھايات (1600 سوئالغا جاۋاب)» 2009- يىلى بېيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

16. «دىن ۋە ھايات (2000 سوئالغا جاۋاب)» بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2011 - يىلى بېيرۇتتا، تۆتىنچى نەشرى 2013 - يىلى قاھىرەدە، بەشىنچى نەشرى 2014- يىلى بېيرۇتتا ئىككى توملۇق نەشر قىلىنغان. سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچىسىنىڭ بىرىنچى نەشرى2013 - يىلى ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 2014- يىلى ئالمۇتىدا، ئۈچىنچى نەشرى 2015- يىلى ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2023 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان

17. «ئىسلام ئەخلاقى» بىرىنچى نەشرى 2010- يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013- يىلى مىسىردا بېسىلغان.

18. «ھەج بەدەل تىجارىتىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئوچۇق سۆز» بىرىنچى نەشرى 2012- يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013- مەككىدە نەشر قىلىنغان.

19. «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟» بىرىنچى نەشرى2013 _ يىلى بېيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013- يىلى قاھىرەدە، ئۈچىنچى نەشرى 2018- يىلى سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

20. «مانا بۇ ئىسلام» بىرىنچى نەشرى2013 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

21. «ئىسلام دىنىدىن ساۋات» 2017- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

22. «بەخت _ سائادەتنىڭ 40 رېتسېپى» ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى2017 - يىلى ئىستانبۇلدا، تۈركچە تەرجىمىسى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا، سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 2019- يىلى ئالمۇتىدا، رەڭلىك ئالاھىدە نۇسخىسى 2020- يىلى يەنە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

23. «قەلەم ئىلھاملىرى» ماقالىلار توپلىمى، 2 توم. بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

24. «قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب» بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
25. «ئازغۇن پىرقىلەر» بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
26. «ئەڭگۈشتەر (مۇئمىننىڭ ھەمراھى)» بىرىنچى نەشرى 2019- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
27. «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» (ئاللاھ بىلەن بولغان ھايات) بىرىنچى نەشرى 2020- يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2023- يىلى قازاقىستاندا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان.
28. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى» بىرىنچى نەشرى 2021- يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2022- يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2002- يىلى كىرىل يېزىقىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.
29. «تەپەككۇر ئىلھاملىرى» ماقالىلار توپلىمى، 2 توم. بىرىنچى نەشرى 2024- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
30. «ئەقىدە»، «ئىبادەت»، «ئەخلاق» ئۈچ يۈرۈشلۈك كىتابچە، 2024- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى،
31. «تەپسىر جەۋھەرلىرى» 10توم، بىرىنچى نەشرى 2018- يىلى ئالمۇتىدا كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئىككىنچى نەشرى 2024- يىلى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
32. «بىزنىڭ دىنىمىز» تۇنجى نەشرى 2025- يىلى ئىستانبۇلدا، كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى شۇ يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە نەشر قىلىندى.
33. «ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ» تۇنجى نەشرى 2025- يىلى ئىستانبۇل.

## نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەسەرلىرى:

1. «قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».
2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).
3. «يۈرەك سىرى» (شېئىرلار توپلىمى).

4. «قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىزدۇر».
5. «بەختلىك ھايات».
6. «جەننەتنىڭ يولى ۋەتەندىن ئۆتىدۇ».

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىدىن بەزىسى:**

1. «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى».
2. «تەپسىرى مۇيەسسەر». بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەييارلىغان.
3. «ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ماقالىلار توپلىمى». بىر گۇرۇپپا ئۆلىمالار تەييارلىغان.
4. «قۇرئاندىكى دىنلار». دوكتور مەھمۇد شەرىف.
5. «ھەقىقەتنىڭ ئىپلانى». ئەللامە رەھمەتۇللاھ ھىندىي.
6. «تەۋھىد كىتابى». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفەۋزان.
7. « توغرا ئەقىدە». ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز.
8. «ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ئۇسەيمىن.
10. «ئەھلى سۈننەتنىڭ يولى». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.
11. «خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۇگۈنى». ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللاھ سەھىم.
12. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇشى». مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانىي.
13. «بەختلىك ھايات يوللىرى». ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدىي.
14. «مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار». ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز.
15. «نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ 33 ئامىلى». ئەللامە سالىھ ئەل مۇنەججىد.

ـ نەشرىياتتىن

## ئانىنىڭ رولى: مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى

بالا تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى «ئانا» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇۋېرىدۇ، ئەمما ھەقىقىي ئانا –فىزىيولوگىيەلىك تۇغۇت بىلەنلا چېگرىلىنىپ قالمايدىغان، بەلكى ئۆز پەرزەنتىنىڭ قەلبىگە ئىمان، روھىغا جاسارەت، ئەقلىگە پاراسەت ئۇرۇقىنى چاچالايدىغان ئۇلۇغ باغۋەندۇر. بۇنداق ئانا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىر ئېقىنىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان بۈيۈك كۈچتۇر: ئۇ ئۆز قوينىدا قەھرىمان باتۇرلارنى، ئەلگە يول باشچى قوماندانلارنى ۋە ئىنسانىيەتكە مەشئەل بولغۇچى ئالىم-ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. ئۇنىڭ تەربىيەسى پەقەت كاتتا شەخسلەرنىلا ئەمەس، پۈتكۈل بىر دەۋرنى يارىتىدۇ.

ئانا – جەمئىيەت دەپ ئاتالغان ئالىي ئىمارەتنىڭ ئۇل تېشى، ئائىلە دەپ ئاتالغان مۇقەددەس قورغاننىڭ جېنى ۋە ھاياتلىق باغچىسىدىكى ھەربىر پەرزەنتنىڭ تۇنجى مەكتىپى ۋە بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇئەللىمىدۇر. ئانا يەر يۈزىدىكى ئەڭ نازۇك مەخلۇق بولۇش بىلەن بىرگە، ئەڭ كۈچلۈك ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قۇچىقىدا كۈچلۈك ۋە ئىرادىلىك ئەۋلادلار يېتىلىپ چىقىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى قۇرىدۇ، ھەتتا تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە تۆرتكە بولىدۇ. دەرھەقىقەت، كاتتا ئىمپېرىيەلەرنىڭ شان-شەۋكىتى، ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىزنالىرى ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتلەرنىڭ گۈللىنىشى زامانلارنىڭ بوشلۇقىدا تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى بىر ئانىنىڭ شەرتسىز سۆيگۈ-مۇھەببىتى، پولاتتەك چىدامچانلىقى، دېڭىزدەك چوڭقۇر ئەقىل-پاراسىتى ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس ئۈگۈتلىرىدىن ئۇزۇقلىنىپ بارلىققا كەلگەن.

ھەقىقىي ئانا – پەرزەنتلىرىنىڭ غايىللىق ئۈيقۇسىدىكى روھىنى

ئويغىتىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئادىمىيلىكنى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرىدىغان شىپالىق دورىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى قەلبكە تېمىتىلغان ھاياتلىق تىرياقى سۈپىتىدە پەرزەنتىنىڭ ۋۇجۇ-دىدىكى ياخشىلىق، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىشنى جانلاندۇرىدۇ.

ھەقىقىي ئانا – پەرزەنتىنى بىلىملىك ۋە يارامىلىق ئادەم قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدىغان، بۇ يولدا راھەتنى ئۆزىگە ھارام قىلغان دەرىجىدە پىداكارلىق قىلىدىغان ھىممەتلىك ئانىدۇر.

ھەقىقىي ئانا – قاراڭغۇلۇقتا يولىدىن ئاداشقانلارنىڭ يۈرىكىگە ئىمان ۋە غايە مەشئىلىنى ياقالايدىغان، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان رەھبەر ئانىدۇر. ئۇ پەرزەنتىنى ھەق يولىدىكى كۈرەشكە ئاتلاندۇرغاندا: «ئەي ئوغلۇم، ئەگەر دۈشمەنگە يېلىنىپ، غۇرۇرۇڭنى پايخان قىلساڭ، ساڭا بەرگەن ئاق سۈتۈم ھارام بولسۇن!» دېيەلەيدىغان غەيرەتلىك ئانىدۇر.

ھەقىقىي ئانا – ئۆز ۋۇجۇدىدىن مۇھەببەت، پاكلىق ۋە ئادىمىيلىكنىڭ نۇرىنى ئەتراپىغا چاچقۇچى، كائىناتنى يورۇتقۇچى ئىللىق قۇياشتۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى سۇدەك يۇمشاق، يىپەكتەك نازۇك، كۆڭلى شۇنچىلىك مېھرىبان كۆرۈنگەن بىلەن، لېكىن ۋەتەن، مىللەت ۋە دىنىنىڭ شەرىپى خەۋپكە ئۇچرىغاندا، ئۇ تۇيۇقسىزلا قەددىنى رۇسلاپ، تاغدەك ھەيۋەتلىك، پولاتتەك قەيسەر ۋە يولۋاستەك يۈرەكلىك بىر قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ.

ھېچقانداق شەك-شۈبھە قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا مۆۋجىيەت قازانغان ھەربىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئارقىسىدا چوقۇم بىر ئىرادىلىك، پىداكار ۋە پاراسەتلىك ئانا باردۇر. چۈنكى، ئانىلار – پەقەتلا پەرزەنتلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن دۇنياغا كەلتۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن يېتىلدۇرۇپ، كاتتىلاردىن قىلىپ چىقىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ مەكتەپتۇر.

ئەمما بۇ يېتىشتۈرۈش جەريانى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى بىر ئانىنىڭ ئالدىنئالا تۈزگەن مۇكەممەل پىلانى، ئېنىق نىشانى ۋە پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەشھۇر

ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۆز ئانىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئانام مېنى بامدات نامىزىدىن خېلى بۇرۇن ئويغىتاتتى. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئون ياشلىق بىر بالا ئىدىم. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدە، ئانام مەن ئۈچۈن سۇ ئىسسىتىپ بېرىپ، تاھارەت ئېلىشىمغا ياردەملىشەتتى. ئاندىن ئىككىمىز بىرلىكتە تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇيتتۇق. بامداد نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغاندا، ئانام مېنى يېتىلەپ، قاراڭغۇ كوچىلارنى يورۇتۇپ مەسچىتكە ئېلىپ باراتتى. مەسچىت ئۆيىمىزدىن يىراق بولغانلىقتىن، ئۇ مېنى مەسچىتكە كىرگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى تاكى دەرسىم توگىگۈچە دەرۋازا ئالدىدا مېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئۇستازىمدىن ئالغان قۇرئان كەرىم ساۋاقلىرىمنى يادلاپ بولغۇچە چۈش ۋاقتى بولاتتى، ئاندىن ئىككىمىز بىرلىكتە ئۆيگە قايتاتتۇق». بۇ كۆرۈنۈش بىر ئانىنىڭ ئىرادىسىنىڭ پەرزەنت ئىستىقبالىنى قانداق ياراتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر.

ئىمام شافىئىيمۇ ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، پۈتۈنلەي ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن. ئۇنىڭ پاراسەتلىك ئانىسى ئەمدىلا توت ياشقا كىرگەن ئوغلىنى كەلگۈسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېتەكچى ئالىملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ، غەززەدىن ئۆلىمالار ۋە ئۇستازلار توپلانغان ئىلىم-مەرىپەت بۆشۈكى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىدۇ. بۇ پىداكار ئانا ئوغلىنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى قامداش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ كىر- قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىشتەك ئەڭ جاپالىق ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايتتى. ئانا-بالا ئىككىسى بىر ئېغىزلىق كىچىككىنە ئۆيدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۆينىڭ يېرىمىنى كىتاب ۋە قولىيازمىلار ئىگىلەيتتى. بۇ ئىرادىلىك ئانا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەي، ئوغلىنى ئوقۇتۇپ، پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىگە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى قىلىدىغان بۈيۈك ئالىم قىلىپ تەييارلىدى.

ئىمام بۇخارىيمۇ يېتىم ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان ئىدى. ئۇ يولدىشىدىن قالغان مىراس پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئوغلىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا سەرپ قىلىپ،

ئۇنى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىمام بۇخارىي ئانىسىنىڭ بۇ پىداكارلىقى سايىسىدا مەككىدە 16 يىل تۇرۇپ ھەدىس ئىلىملىرىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسىرى «سەھىھۇلبۇخارىي» نى پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىگە مىراس قالدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ھەرپىدە ئۇ پىداكار ئانىنىڭ دۇئاسى ۋە ئۈمىدى مۇجەسسەملەنگەن.

ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغان ئۇلۇغ قوماندان فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد-نىمۇ ئانىسى ئالاھىدە پىلانلىق يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئوغلىنى كىچىككىدىنلا دائىم ئېگىز تۆپىلەرگە چىقىرىپ، يىراقتىكى ئىستانبۇلنىڭ مۇستەھكەم سېپىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قەلبىگە: «ئەي ئوغلۇم، سەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاشۇ سېپىللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىستانبۇلنى فەتھى قىلىسەن! رەسۇلۇللاھنىڭ بېشارىتى ساڭا نېسىپ بولغۇسى!» دەپ بىر ئۇلۇغ غايىنى سىڭدۈرەتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كوستېنتىنىيە چوقۇم فەتھى قىلىنىدۇ. ئۇنى فەتھى قىلىدىغان قوماندان نېمىدېگەن ياخشى قوماندان، ئاشۇ ئەسكەرلەر نېمىدېگەن ياخشى ئەسكەرلەر!»[1] دەپ بېشارەت بەرگەن. بۇ تىرىشچان ئانىنىڭ پىداكارلىقى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىلھاملاندۇرۇشى سايىسىدا، فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد بۇ ئۇلۇغ مەقسەتنى قەلبىگە پۈككەن بولۇپ، ئۆزىدىن ئىلگىركى نۇرغۇن قوماندانلار ۋە پادىشاھلار ئارزۇ قىلىپ يېتەلمىگەن بۇ بۈيۈك فەتھىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئادەم ئاتىمىز ۋە ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ يارىتىلىشى بىلەن تەڭ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم باسقان ئىنسانلار ئۆز تارىخىدا سان-ساناقسىز مۇرەككەپ ۋەقەلەر، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ شاھىتى بولدى. تەبىئىيكى، بۇ تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ يوشۇرۇن پاراۋۇزى سۈپىتىدە ئانىلارنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئانىلار مەيلى ئىسلام تارىخىدا ياكى ئىسلامدىن بۇرۇنقى تارىخلاردا بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەسىرى ھەممىشە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئىسلام

[1] ئىمام بۇخارىي، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

دىنىمىزدا بولسا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھەق-ھوقۇقلىرى ئىلاھىي ۋەھيى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىسلام تارىخى ئاياللارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ياراتقان ئۆلگىلىرى بىلەن زىنىنەتلەنگەن بولۇپ، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تۆھپىلىرى ھېچقاچان ئەرلەرنىڭكىدىن كەم بولمىغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئانىلارنىڭ ئورنىنى ۋە جەمئىيەتتىكى رولىنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھاجەر، ئاسىيە، مەريەم، خەدىچە ۋە ئائىشە ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇلۇغ ئانىلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى قۇرئان كەرىمدە بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتكەن.

مەسىلەن، ھاجەر ئانىمىزنىڭ سەۋر-تاقىتى ۋە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى سەۋەبلىك، قىپقىزىل چۆللۈكتىن زەمزەم بۇلىقى ئاپىرىدە بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈشى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان سەئيى ئىبادىتى ئىسلامنىڭ سىمۋوللۇق ئىبادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ بېكىتىلدى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ دەۋىتىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلغان ۋە بارلىقىنى بۇ يولغا ئاتىغان كىشى ئايال (خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئىدى.
- ئىسلام تارىخىدا ھەق يولىدا تۇنجى بولۇپ جېنىنى قۇربان قىلىپ، شېھىتلىقنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان كىشىمۇ ئايال (سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئىدى.
- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، خالىد ئىبنى ۋەلىد، سالاھىددىن ئەييۇبى، فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد، سۇتۇق بۇغراخان، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، سابىت داموللام، ئەخمەتجان قاسىمىي، زەيدىن يۈسۈپ قاتارلىق ئىسلام ۋە مىللەت تارىخىنى يورۇتقان بۈيۈك قوماندانلارنى يېتىشتۈرگەنلەر دەل ئاشۇ ئاياللار، يەنى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئىدى.

ئاياللار جەمئىيەتنىڭ سان جەھەتتىكى يېرىمىنى تەشكىل قىلغان

تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى جەھەتتىكى سالماقلىقى ناھايىتى ئېغىر. چۈنكى ئانىلار جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولغان ئائىلىنىڭ تۈنجى مۇئەللىمى ۋە ئەخلاق مېمارى بولۇپ، بالىلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئانىلارنىڭ دىيانىتىنى، ئەخلاقىنى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ روھىيىتىگە سىڭدۈرىدۇ. شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بىلىشنى ئويلىساق، ئۇ مىللەتنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراش كۇپايە.

قۇرئان كەرىم ھەزرىتى مەريەمدەك پاكلىق سىمۋوللى، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەدەك ئىماندا چىڭ تۇرغان ئۈلگىلىك ئاياللارنىڭ، شۇنداقلا يەمەن مەلىكىسى بىلقىسقا ئوخشاش جاسارەتلىك ۋە تەدبىرلىك دۆلەت باشقۇرغۇچى ئاياللارنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئايالالارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ زامانىدا، ئايالار ئەرلەر ئىشتىراك قىلغان بارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. ھەتتا ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، شىفا بىنتى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ساھابە ئايالنىڭ بازار باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى تارىخىي مەنبەلەردە رىۋايەت قىلىنغان. مەلۇمكى، بازار باشقۇرۇشتەك مۇرەككەپ ۋەزىپە يۈكسەك ئەقىل-پاراسەت، ئادالەت تۇيغۇسى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم بىر ۋەزىپىدۇر.

ئەپسۇسكى، ئايالالارنىڭ ئىسلام دەۋىتى ۋە جىھاد يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە ھەربىر ئىسلام دەۋرىدىكى رولى شۇنچىلىك كاتتا ۋە مۇھىم بولغان تۇرۇقلۇق، كېيىنكى ئەسىرلەردە بىر قىسىم نادانلىق ۋە بىدئەت قاراشلارنىڭ تەسىرىدە، مۇسۇلمان ئايالالارنىڭ غەلىبىلىرى تىلغا ئېلىنمايدىغان، ئۇلارنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان، ئۇلارنى جەمئىيەتتىن يەكلەپ، ئۆيدە ئولتۇرۇشقا قىستايدىغان، ئىسلامنىڭ ئەسلى روھىغا پۈتۈنلەي يات بولغان چاقىرىقلار ۋە پەتىۋالار كۆپىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ زامانلىرىدا ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە جىھادقا چىققان، ئىلىم سورۇنلىرىدا ئالىملار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، بارلىق ئاممىۋى ئىبادەتلەردە ۋە دەۋەت سورۇنلىرىدە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان

ئاياللار كېيىنكى ئەسىرلەردە، خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلار چېكىنىشكە باشلىغان دەۋرلەردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يوقىتىپ، پەقەتلا بالا تۇغۇش ۋە تاماق ئېتىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغاندەك بىر تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. نەتىجىدە، ئاياللارنىڭ ھەر ساھە بويىچە بىلىم ئىگىلىشى چەكلىنىپ، ئۇلارنى بۇ يولدىن چېكىندۈرىدىغان «قىزلار ئوقۇسا تەلەيسىز بولۇپ قالىدۇ»، «قىزلار بەربىر خەقنىڭ بالىسى، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش تەتۈر تەشۋىقاتلار ۋە «ئايالنىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» دېگەندەك نادانلارچە قاراشلار جەمئىيەتكە يامراپ كەتتى. قىسقىسى، ئاياللارغا قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت[1] ئاتا قىلغان ھەق-ھوقۇق ۋە ئېتىبارلار ئۇلاردىن تارتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار بىلىمسىز، مەرىپەتسىز قالدۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ قولىدا چوڭ بولغان پەرزەنتلەرمۇ ئانىلىرىغا ئوخشاشلا نادان، بىلىمسىز ۋە ئىرادىسىز بولۇپ ئۆستى. نەتىجىدە، بىر پۈتۈن مىللەت بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق كۈنگە قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خارلىققا ۋە ئاجىزلىققا مەھكۇم بولدى.

بىزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەم دېگۈدەك ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان دەپ بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن كىشىلەر كىچىكىدە ئائىلە تەربىيەسىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىر مۇسۇلمان سۈپىتىدە بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم بىلىملەردىن بىخەۋەر ئۆسكەنلىكىنى ھېچقاچان ھېس قىلالمايدۇ. بۇنى پەلسەپەدە «مۇرەككەپ نادانلىق» دەيمىز، يەنى ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان قوش نادانلىق. ئەمما ئائىلە تەربىيەسى جايىدا بولغان، كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىدە، ئىمان، ئەخلاق، ھالال-ھارام ۋە ئەدەپ-قائىدىلەرنى ئۆزىگە سۈدەك سىڭدۈرۈپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ تۇرقىدىنلا ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ موللۇقى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە مەنىۋى كامالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالا بىزنىمۇ ئاشۇنداق كامالەتلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن!

[1] سۈننەت—پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش-پائالىيەتلىرى، ئەمەل-ئىبادەتلىرى، باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېمەكتۇر.

مېنى يېتىشتۈرگەن ۋە روھىيىتىمنى ئويغاتقان كىشىمۇ بىر ئايال ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام ئىدى. ئۇ مەدرىسە ھاياتىدىن بىۋاسىتە تۇرمۇش ھاياتىغا يۆتكەلگەن، ئۆگەنگەنلىرىنى ئائىلىسىدە ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ بىرمۇبىر كۆرسەتكەن، ھەقىقىي ديانەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بىر ئايال بولۇپ، پۈتكۈل ئائىلىمىزگە ۋە قوشنىلارغا ئۈلگە ئىدى. تىلىم چىقىپ، بىر نەرسىلەرنى دېيىشنى ئۆگەنگەن چېغىمدىلا، ماڭا ھەممىدىن ئاۋۋال كەلىمە شاھادەتنى ئۆگىتىپ، ئاغزىمغا ئىمان ئۇرۇقىنى سالغان كىشى دەل ئاشۇ ئانام ئىدى. مەن ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىمدا، قولۇمدىن يېتىلەپ نېرىقى كوچىدىكى ئايشەمخان خەلپەمگە قۇرئان ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن كىشىمۇ ئاشۇ ئانام ئىدى. ماڭا قۇرئان ئوقۇشنى، كىتاب ئوقۇشنى، نامازنى ۋە ئىنسان بولۇشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىنى ئۆگەتكەن تۇنجى ئۇستازىممۇ ئاشۇ ئايشەمخان خەلپەم ئىسىملىك بىر ئايال ئىدى. رەھمەتلىك ئۇستازىم پۈتۈن ئۆمرىنى ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش، قىز-ئاياللارغا دەرس بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا ئاتىۋەتكەن، بۇ يولدا ھېچ ياتلىق بولماي ئۆتكەن تەقۋادار بىر ئۆلىما ئايال ئىدى. مەن ئوقۇۋاتقاندا يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما تېنى ساق، زېرەك ۋە غەيرەتلىك بىر موماي ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ «بالا ئوقۇتتى» دېگەن ئەيىبلەش بىلەن بىر قانچە قېتىم تۈرمىلەردە يېتىپ چىققان ئىدى. مەن بۇ تۇنجى ئۇستازىمنى نۇرغۇن داڭلىق ئۆلىمالارغا تەڭ قىلمايمەن. ئانا ۋەتىنىمدە مۇشۇنداق نام-نىشانسىز ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ئەمما مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن جىمجىت خىزمەت قىلغان ئايشەمخان خەلپەملەردىن يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغانلىرى بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

ناۋادا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن ئاز-تولا ئەمگەكلىرىمنى بىر نەتىجە دەپ قارالسا، شۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشۈمدە ماڭا ئۈمىد ۋە مەدەت بولغان، مېنى قوللاپ ياردەم قىلغان، مەن ۋە پەرزەنتلىرىم ئۈچۈن چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى قاداق قىلغان كىشى يەنىلا بىر ئايالدۇر. ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ قەدىرلىك ئايالىم ئىدى. كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا، ئائىلىدە ھۇزۇر ۋە مۇھەببەت بولمىسا، ئىنسان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئەمەس،

ھەتتا ئاددىي بىر نەتىجىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئايالىم ئائىلىنىڭ پۈتۈن يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، پەرزەنتلىرىمنى تەربىيەلەش ۋە بېقىشتەك جاپالىق ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ماڭا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىزدىنىش ۋە يېزىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. دېمەك، مېنىڭ غەلىبىلىرىمنىڭ ئارقىسىدا پەقەتلا ئايالىلار بار دېسەم ھەرگىز مۇبالىغە بولماس. چۈنكى، ئاغزىمغا تۇنجى بولۇپ ئىمان سالغان كىشى ئايال، ماڭا تۇنجى بولۇپ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆگەتكەن كىشى ئايال، ئوقۇغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا مېنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، ئارقامدا مۇستەھكەم تۈۋرۈك بولۇپ تۇرغان كىشىمۇ ئايال. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلارغا قانچىلىك قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ھەر دائىم ئېتىراپ قىلىمەن.

بىزنىڭ تارىخىمىزدىمۇ، نۇزۇگۇم، ئىپارخان، رىزۋانگۈل ۋە يەتتە قىز-لىرىمغا ئوخشاش يۈزلىگەن، مىڭلىغان قەھرىمان قىز-ئايالالار خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدىلەر بولۇپ ساقلىنىپ كەلگەندەك، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىمۇ ئاللاھ يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان، ياش ئەۋلادلارنى دىنىي ۋە مىللىي ئاڭ بىلەن تەربىيەلەشتە كاتتا نەتىجىلەرنى قازانغان ۋە بۇ يولدا شېھىت بولغان سانسىزلىغان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ياشىماقتا. ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىنىڭ ھەربىر مەھەللىسىدە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان، «بۈۋىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن ئاتىلىدىغان ئۆلىما ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار ناھايىتى جەڭگىۋارلىق بىلەن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، ھەتتا نۇرغۇن ئەرلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ قورقماس ۋە باتۇر ئىدى. بۇ بۈۋىملەرنىڭ دىنىي خىزمەتلىرى ئۆلىمالار-نىڭكىدىن ھەرگىز ئاز ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئۇلار مىللەتنىڭ تۇنجى مۇئەللىمى بولغان ئانىلارنى بىۋاسىتە تەربىيەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولغان ئىدى.

ھازىرقى مۇشۇ دەۋردىمۇ، ئانا ۋەتىنىمىزدە ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا جاپا-مۇشەققەت تارتىۋاتقان، زىندانلارغا قامالغان، ھەتتا شېھىت قىلىنغان ئايال ئۆلىمالىرىمىز، ئايال زىيالىيلىرىمىز ۋە ئايال يازغۇچىلىرىمىز ئاز

ئەمەس. تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە دىنىي ۋە مىللىي تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، بارلىقىنى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئاتاپ خىزمەت قىلىۋاتقان سانسىز-لىغان ئايال قەھرىمانلىرىمىز بار. مەسىلەن، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ھەر مىللەتتىن بولغان يېتىم بالىلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۆز ئانىسىدەك بېقىپ، ئۇستازلارنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتۇپ تەربىيەلەۋاتقان، ھەتتا رۇس ۋە نېمىس بالىلىرىنىمۇ ئايرىماي، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىپ قاتارغا قوشقان ئامىنەخان ھاجىم ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئايالنى بىلىمەن. مەن ئۇ ئايالنىڭ يېتىملەر ئۈچۈن قۇرغان ياتاقلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدىكى غەيرىتىگە ۋە ئالىيجانابلىقىغا ھەيران قالغان ئىدىم. ئاياللارنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قىلىش خۇسۇسىيىتى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر رېئاللىقتۇر.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە پەقەت ئەرلەرنىڭلا باتۇر-لۇقى، قەھرىمانلىقى ۋە خىزمەتلىرى كۆپ سۆزلىنىدۇ ۋە يېزىلىدۇ، ئەمما شۇ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان، ئوخشاش قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان، ھەتتا تېخىمۇ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەن قەھرىمان ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدە كۆپىنچە سۈكۈت قىلىنىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەھۋال ئاياللارنى جەمئىيەتتىن چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن يىللىق قالاقلىقنىڭ ئېچىنىشلىق مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلغان، ئەسىرلەردىن بېرى مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرىنى يېتىشتۈرگەن، ئەرلەرگە ئوخشاشلا زىندانلارغا تاشلانغان ۋە شېھىت بولغان قەھرىمان ئانىلىرىمىزنى، ئاچا-سىڭىللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىزنالىرىنى ئەۋلاد-لىرىمىزغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتمەيمىز؟ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، تارىخنى توغرا يېزىش، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش كەلگۈسىنى يارىتىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر.

# تارىخ ياراتقان ئانىلار: ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن قەھرىمانلىرىدۇر

ئانىلار ـ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پارلاق سەھىپىلىرىنى پۈتكۈچى ۋە شۇ تارىخنىڭ باش قەھرىمانلىرىنى دۇنياغا كەلتۈرگۈچى مۇقەددەس زاتلاردۇر. ئۇلار تارىخنىڭ ئۇزۇن ئېقىمىدا، پەرزەنتلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە كىشىلىك خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماي، بەلكى تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەڭ كۈچلۈك كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر. پەيلاسوپلار ئېيتقاندەك: «بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتكەن ئانا، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ». ھەقىقەتەنمۇ، ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيىتى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، بەلكى ئۆز ساھەلىرىدىن ھالقىپ، سىياسەت، ئىلىم-پەن، سودا-سانائەت، ھەربىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ ئەسىرلەر بويى ئۇنتۇلماس ئۈلگىلەرنى، كاتتا تۆھپىلەرنى ياراتقان ۋە ئۆچمەس ئىزنالارنى قالدۇرغان.

تۆۋەندە بىز ئىسلام تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىدىن بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان جانلىق مىساللار ۋە قىسقىچە ئۆرنەكلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

## بىرىنچى: ئىسلام تارىخىدىكى نۇرانە ئانىلار

### 1. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى، تۇنجى مۇسۇلمان ۋە «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا تۇنجى بولۇپ ئېرىشكەن خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ پىداكار ئانىدۇر. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشكۇل دەۋەت ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئۇنى ھەم ماددىي، ھەم مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك

قوللاپ، پۈتكۈل بارلىقىنى ئىسلام دىنىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاتىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدىكى ھەرا غارىدا تۇنجى ۋەھيى كېلىپ، ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە چاقىرىشقا بۇيرۇلغاندا، خەدىجە ئانىمىز ئۇنى بىرىنچى بولۇپ قوللىغان ۋە ئەڭ چوڭ تايانچ بولغان. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئانىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ مۇقەددەس دەۋەتنى قوبۇل قىلغان ۋە تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن[1]. بۇ ئۇتۇقلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسى بىلەن بىرگە، ئاشۇ پىداكار، پاراسەتلىك ئانىنىڭ مېھرىلىك قۇچىقىدىن ۋە تەڭداشسىز تەربىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 2. ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ سۇلەيم)

بۇ ئۇلۇغ ئانا ئوغلىنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، كائىناتنىڭ سەرۋەرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىخارلىق ئۇلگىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە تەقدىم قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە ۋە ئوغلىغا قىيامەتكىچە ئۆچمەس شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، مەن ئەمدىلا سەككىز ياشتا ئىدىم. ئانام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى ۋە: ‹يا رەسۇلۇللاھ! مەدىنە ئەھلىدىن ئۆزلىرىگە بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلمىغان ئەر-ئايال قالمىدى. مېنىڭ ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئوغلۇمدىن باشقا بايلىقىم يوق. ئوغلۇم خىزمەتلىرىنى قىلغاي، قوبۇل قىلغايلا› دەپ ئىلتىجا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئون يىل پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. بۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھ مېنى بىر قېتىممۇ ئۇرۇپ باقمىدى، تىللىمىدى ۋە ماڭا چىرايىنى تۈرمىدى»[2]. بۇ

[1] پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز، جەمئىي ئالتە پەرزەنتى بولغان. ئۇلار: قاسىم، ئابدۇللاھ، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ كەلسۇم، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. قاسىم ۋە ئابدۇللاھ كىچىك ۋاپات بولۇپ كەتكەن. پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى كەلگەندە، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ كەلسۇم، فاتىمە قاتارلىقلار ئىمان ئېيتقان.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

يەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا مال-دۇنيا ئەمەس، بەلكى ياخشى تەربىيەلەنگەن پەرزەنتتۇر.

## 3. خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنها

تارىختا شائىرلىقى ۋە چەكسىز قەيسەرلىكى بىلەن تونۇلغان خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنها پەرزەنتلىرىنى ئىسلام روھى ۋە جەڭگىۋارلىق بىلەن تەربىيەلىگەن قەھرىمان ئانىدۇر. قادىسىيە جېڭىدە ئۇ تۆت ئوغلىنىڭ ھەممىسىنى جىھادقا رىغبەتلەندۈرۈپ جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتكەن. تۆت ئوغلىنىڭ تەڭلا شېھىت بولغانلىق خەۋىرى يەتكەندە، ئادەتتىكى ئانىلارغا ئوخشاش پەرياد چەكمەستىن، بەلكى: «ئوغۇللىرىمنىڭ شېھىتلىقى بىلەن مېنى شەرەپلەندۈرگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ، ئىمان ۋە سەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلغان.

## 4. ئىمام مالىكنىڭ ئانىسى

مەدىنە ئىمامى ئىمام مالىكنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا نەغمە-ناۋاغا ۋە دۇنيا بايلىقىغا بولغان ئاز-تولا قىزىقىشىنى بايقاپ قېلىپ، ئۇنى پاراسەت ۋە ھېكمەت بىلەن پۈتۈنلەي دىنىي ئىلىمگە يۈزلەندۈرگەن. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىغا سەللە يۆگەپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، «ئوغلۇم! سەن ئىلىم مەجلىسلىرىدىن ئەدەپ ۋە ئىلىم ئۆگەنگىن» دەپ، ئۇستازلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ باراتتى. بۇ ئالغۇر ئانىنىڭ ئوغلىنى سەۋرچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، ئوغلى كېيىنچە مالىكىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە دۇنياغا مەشھۇر «مۇۋەتتا» ناملىق قىممەتلىك كىتابنى يېزىپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ.

## 5. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئانىسى

ئىمام ئەھمەد تېخى بوۋاق ۋاقتىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، ئانىسى ئۇنى يالغۇز بېشى بىلەن مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلىدۇ. ئىمام ئەھمەد ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىتىپ بولىدۇ. ئوغلى ئون ياشلارغا كىرگەندە بولسا، ھەر كۈنى سەھەردە

تۈرغۇزۇپ، تاھارەت ئالدۇرۇپ، قىش كۈنلىرىنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىغا قارىماي ئۇنى مەسچىتكە، ناماز بامدادتىن بۇرۇنقى ئىلىم ھەلقىلىرىگە ئېلىپ باراتتى. ئوغلىنىڭ دەرسى تۈگىگۈچە سىرتتا كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ پىداكار ئانىنىڭ شۇنچە جاپا-مۇشەققەت بىلەن ئوقۇتۇشى نەتىجىسىدە، ئىمام ئەھمەد ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە كامالەتكە يېتىپ، ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ۋە «مۇسنەد» ناملىق كاتتا ھەدىس توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى سۈپىتىدە تارىخ بېتىگە ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلدى.

## 6. ئىمام بۇخارىينىڭ ئانىسى

ھەدىس ئىلمىنىڭ سۇلتانى ئىمام بۇخارىينىڭ ئانىسى ناھايىتى تەقۋادار، ئىبادەتكۈي ۋە ئىرادىلىك ئايال ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا ئوغلىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا، ئۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، ئەتىگەن-ئاخشاملىرى توختىماي دۇئا قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئانىنىڭ سەمىمىي دۇئاسى سەۋەبلىك ئوغلىنىڭ كۆزلىرى قايتىدىن نۇرغا تولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغلىنى ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئاتىغان ۋە ئاتىسىدىن قالغان مىراسىنى خىراجەت قىلىپ، ئۇنى ئىلىم بۆشۈكى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردە تەلىم تەھسىل قىلىشقا قالدۇرغان. ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارىي ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويماي، 16 يىل ئىزچىل ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان «سەھىھۇلبۇخارىي»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

## 7. ئىمام شافىئىينىڭ ئانىسى

ئىمام شافىئىيمۇ ئىككى يېشىدا دادىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، ئانىسى ئۇنى غەززەدىن ئىلىم-مەرىپەت مەركىزى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. ئۇ ئوغلىغا قۇرئان كەرىمنى يادلاتقاندىن كېيىن، كاتتا ئۆلىمالارنىڭ دەرس سورۇنلىرىغا قوشىدۇ. گەرچە تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، بۇ مەردانە ئانا يوقسۇللۇقتا تىز پۈكمەي، ئوغلىنىڭ ئىلىم يولىدىكى بارلىق توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە، ئىمام شافىئىي ئىسلام دۇنياسىدىكى تۆت چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شافىئىي

مەزھىپىنىڭ ئىمامى بولۇپ تونۇلىدۇ ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

## 8. ئىمام سۇفيان سەۋرىينىڭ ئانىسى

بۇ ئانا ئوغلىنى كىچىكىدىنلا ئىلىم-مەرىپەتكە ۋە تەقۋادارلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ، «ئوغلۇم! سەن ئىلىم ئۆگەن، مەن ئۇرچۇق ئىگىرىپ سېنى باقىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. بۇ تىرىشچان ئانا ئوغلىنى ئىسلامىي ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدا نۇرغۇن ئىغىر بەدەللەرنى تۆلەپ، كۆپ جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ، غايىسىدىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچمىگەن. نەتىجىدە، ئىسلام دۇنياسىغا سۇفيان سەۋرىيدەك كاتتا مۇجتەھىد ئالىمنى تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ مەزھىپى ئۆز دەۋرىدە مەشھۇر تۆت مەزھەپ بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان تەسىرلىك مەزھەپلەرنىڭ بىرى بولغان.

## 9. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئانىسى

ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئىلىم پەللىسىنىڭ چوققىسىغا چىقىشىدا ئانىسىنىڭ رولى بىباھادۇر. ئانىسى ئوغلىنىڭ دىندا ئالىم بولۇشى ئۈچۈن بارلىق قىيىنچىلىقلارغا كۆكرەك كەرگەن. كېيىنچە، ئىبنى تەيمىيە سۈرىيەدىن مىسىرغا سۈرگۈن قىلىنىپ تۇرمىگە تاشلانغاندا، ئانىسىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئانىسى ئۇنىڭ خېتىگە مۇنداق دەپ جاۋاب يازىدۇ: «ئوغلۇم! سېنى مەن دىنىمىزغا خىزمەت قىلسۇن دەپ جاپاغا چىداپ ئوقۇتقانمەن. سېنىڭ ماڭا يېقىن تۇرغىنىڭدىن كۆرە، دىنىڭغا ۋە دىنىي خىزمەتلەرگە يېقىن تۇرغىنىڭ مەن ئۈچۈن ئەۋزەلدۇر. مەن سېنىڭ پىراقىڭغا چىدايمەن» [1]. بۇ شەخسىي مېھىر-مۇھەببەتتىن ئالىي غايىنى ئۈستۈن قويغان بۈيۈك ئانىنىڭ ساداسى ئىدى.

## 10. فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئانىسى

ئوسمانىيلار سۇلتانى مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئانىسى، ئوغلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن «ئىستانبۇلنىڭ فەتھى قىلىنىشى» ھەققىدىكى

[1] «الأم تصنع القادة والعلماء»111-بەت.

بېشارەتنىڭ ساھىبى بولۇشقا تەييارلىغان. ئۇ كىچىك مۇھەممەدنى قولىدىن يېتىلەپ ئىگىز تۆپىلەرگە ئېلىپ چىقىپ، ئىستانبۇلنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئەي ئوغلۇم، سەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاشۇ سېپىللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىستانبۇلنى فەتھى قىلىسەن! رەسۇلۇللاھنىڭ بېشارىتى ساڭا نېسىپ بولغۇسى!» دەپ ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە ئالىي غايىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان. دەل شۇ ئانىنىڭ تەربىيەسى بىلەن بىر دەۋر ئاخىرلىشىپ، يېڭى بىر دەۋر باشلانغان.

## 11. ئەندەلۇس خەلىپىسى ئابدۇراھمان ناسىرنىڭ ئانىسى

ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)تە سەككىز ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ 3-خەلىپىسى ئابدۇراھمان ناسىرنىڭ ئانىسى مۇزنە (ئەسلى ئىسمى مارىيا بولۇپ، كېلىپ چىقىشى ياۋروپادىن) ئوغلىنى بۈيۈك بىر دۆلەت ئەربابى ۋە قوماندان قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ ئوغلىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل تەربىيەلەپ، ئۇنى تارىختا ئىز قالدۇرىدىغان جەڭگىۋار ۋە پاراسەتلىك ھۆكۈمدارغا ئايلاندۇرغان[1].

## 12. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى

تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان، تەخمىنەن مىلادىيە 920-955-يىللار)نىڭ جەڭگىۋار روھ بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، كامالەتكە يېتىشىدە ۋە كېيىنچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىمۇ ئانىسىنىڭ رولى ئالاھىدە زور بولغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئاتىسى بازىر ئارسلانخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ تاغىسى ئوغۇلچاقخاننىڭ سارىيىدا چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئانىسى ئۇنى ئەتراپلىق يېتىشتۈرۈپ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتنى تونۇش ۋە خەلقنى يېتەكلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن.

## 13. مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە خانىم

بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە

[1] «الأم تصنع القادة والعلماء» 123-بەت.

خانىم قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم غوجا سەييىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بولۇپ، يۇكسەك مەلۇماتلىق ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ دىنىي ۋە دۇنياۋى بىلىملەردىن باشقا، ئەرەب تىلىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئوغلى مەھمۇدقا دەسلەپكى ساۋاتنى ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆزى ئۆگەتكەن. مەھمۇد قەشقەرىينىڭ كېيىنچە بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە باغداد قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرىدە ئوقۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك ئالەمشۇمۇل ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىدا ئانىسى سالغان ئۇلىنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولغان[1].

بۇلاردىن باشقا، بىز يەنە بابۇر شاھنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىم بىلەن، مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ئانىسى خۇبنىگار خانىمنىڭ، تېبىبىي ئالىم ئىبنى سىنانىڭ ئانىسى ستارە خانىم بىلەن تەسەۋۋۇپ پېشۋاسى ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئانىسى قاراچاچ ئانىنىڭ بۇ ئۇلۇغ شەخسلەرنى تەربىيەلەپ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغانلىقىنى پەخىرلىنىش بىلەن ئەسلەيمىز.

تارىخىمىزدا ئەنە شۇنداق ئاجايىپ ئىستېداتلىق، پاراسەتلىك ئانىلار ئۆتكەن. گەرچە نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب ئانىلارنىڭ نامى تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلمىغان بولسىمۇ، بىز يۇقىرىقى مىليونلاردىن بىر تامچە مىساللار ئارقىلىق، پۈتكۈل مۇنەۋۋەر ئانا ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرانە سىيماسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

مىڭ ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق قەھرىمان ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى تارىخنىڭ قاراڭغۇ ھۇجرىلىرىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان. چۈنكى ئۆتمۈشتە تارىخ كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ تۆھپىسى ۋە قىلمىچى بىلەن يېزىلغاچقا، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا مەۋجۇت بولغان، يارامىلىق قوماندانلارنى، دۆلەت ئەربابلىرىنى ۋە كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن ئاشۇ پىداكار ئانىلارنىڭ تۆھپىلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. ھالبۇكى، بۇ ئانىلار پەقەت بالا تەربىيەلىگەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان قەھرىمانلاردۇر.

---

[1] جامال قارشىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسىرى.

## ئىككىنچى: دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئانىلار

### 1. توماس ئېدىسوننىڭ ئانىسى نانسى ماسيۇز

ئىنسانىيەتكە توك يورۇقىنى ئېلىپ كەلگەن كەشپىياتچى توماس ئېدىسوننىڭ ئانىسى نانسى ماسيۇز ئانىلىق مېھرى ۋە دانالىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئېدىسون كىچىك چېغىدا مەكتەپتىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كېلىپ، «بۇنى مەكتەپ مۇدىرى سىزگە بەردى» دەپ ئانىسىغا تاپشۇرىدۇ. ئانا خەتنى ئوقۇۋېتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئوغلىغا: «ئوغلۇم، خەتتە ‹ئوغلىڭىز بەك ئەقىللىق ئىكەن، بىزنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ سەۋىيەسى ئۇنى ئوقۇتۇشقا يەتمەيدۇ. شۇڭا ئوغلىڭىزنى ئۆزىڭىز ئۆيدە ئوقۇتۇڭ› دەپ يېزىپتۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوغلىنى ئۆزى ئوقۇتىدۇ. ئېدىسون مىڭلىغان مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىپ، دۇنياغا داڭلىق ئالىم بولىدۇ. يىللار ئۆتۈپ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېدىسون ئانىسىنىڭ كونا ساندۇقىدىن ھېلىقى خەتنى تېپىۋالىدۇ. خەتتە ئەسلىدە: «سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەقلىي جەھەتتىن كەمتۈك (دۆت) ئىكەن. ئۇنىڭ مەكتىپىمىزدە ئوقۇش سالاھىيىتى يوق، ئەمدى مەكتەپكە كەلمىسۇن» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئېدىسون بۇنى كۆرۈپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتىدۇ ۋە كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «توماس ئېدىسون ئەقلىي جەھەتتىن كەمتۈك بىر بالا ئىدى، ئەمما قەھرىمان بىر ئانىنىڭ سايىسىدا دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك تالانت ئىگىسىگە ئايلاندى» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ، بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ۋە ئىشەنچنىڭ ئىنسان تەقدىرىنى قانداق ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

### 2. فاتىمە ئەلفىھرى

بۇ دانىشمەن ئايال دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېت بولغان ماراكەشتىكى «قەرەۋىييىن ئۇنىۋېرسىتېتى»نى قۇرۇپ چىققان. بۇ بىلىم يۇرتى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. فاتىمە خانىم مىلادىيە 859-يىلى ئۆز بايلىقىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق دۇنيادا سېستىمىلىق بىر ئالىي مائارىپنىڭ ئۈلىنى سالغان ۋە ئىسلام دۇنياسىغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا

ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇنتۇلماس ئايالدۇر.

### 3. سارا خولون (چىڭگىزخاننىڭ ئانىسى)

ئوغلى تېمۇچىن (چىڭگىزخان) كىچىك ۋاقتىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، سارا خولون ئېغىر شارائىتتا، قەبىلىسى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ھالەتتىمۇ ئوغلىنى ۋە باشقا پەرزەنتلىرىنى يالغۇز بېقىپ، ئۇلارنى قەيسەر، چىداملىق ۋە ئىتتىپاقلىشىش روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ تەربىيەسى تارىختىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان.

### 4. مارى كۇرىي

ئىككى قىزنىڭ ئانىسى بولغان مارى كۇرىي ئانىلىق بىلەن ئالىملىقنى تەڭ ئېلىپ ماڭغان مۆتىۋەر ئايالدۇر. ئۇ فىزىكا ۋە خىمىيە ساھەسىدە ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئايالالارنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى دۇنياغا ئىسپاتلىغان.

**خۇلاسە**

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، ھەقىقىي تەسىر كۈچى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئائىلىلەردىن، ئانىلارنىڭ مېھرىلىك قۇچىقىدىن باشلىنىدۇ. ھەرقانداق ئانا ئۆز پەرزەنتىنى توغرا تەربىيەلەش ئارقىلىق، كەلگۈسىدە پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ۋە يېڭى تارىخ يارىتالايدۇ.

تارىخ كىتابلىرىدا ئانىلارنىڭ نامى كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان، شۇڭا ئۇلار كۆپىنچە «نامسىز قەھرىمانلار» سۈپىتىدە كۆلەڭگىدە قالغان. ئەمما شۇنىسى ھەقىقەتكى، دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ھەربىر بۈيۈك شەخسنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنى دۇنياغا كەلتۈرگەن، روھىنى تاۋلىغان ۋە يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن ئۇلۇغ بىر ئانا باردۇر. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ئانىلاردۇر. ئۇلار ئىنسانىيەت باغچىسىنىڭ ھەقىقىي باغۋەنلىرىدۇر.

## ئانا ــ يەر يۈزىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىنساندۇر

ئانا ـ بۇ ئالەمدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سىرلىق ۋە ئەڭ مۇقەددەس كۈچنىڭ جانلىق سىمۋولىدۇر. ئانىنىڭ قۇدرىتى بىلەك كۈچى ياكى جىسمانىي قۇۋۋەت بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت، تۈگىمەس سەۋر-تاقەت، پولاتتەك ئىرادە، تەڭداشسىز پىداكارلىق ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىشتەك يۈكسەك ئىقتىدارى بىلەن نامايان بولىدۇ.

ئانا شۇنداق بىر مۆجىزىكى، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ئىنسان ئەقلى يېتىپ بولالمايدىغان بىر كۈچ يوشۇرۇنغان:

- **پىداكارلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى:** ئانا كېچىلىرىنى كۈندۈزلەرگە ئۇلاپ، كىرپىك قاقماي بۆشۈك تەۋرىتىدۇ؛ يىغى تۇغۇلغان گۆدەكنىڭ بىر دەملىك ھۇزۇرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىدىن، ئارامىدىن، ھەتتا يېمەك-ئىچمىكىدىنمۇ كېچەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھۇزۇرىنىڭ ئەھمىيىتى يوق، بارلىق ھۇزۇر پەرزەنتىنىڭ راھىتىدۇر.
- **ئۈمىد ۋە تايانچ:** ئەگەر پەرزەنتىنىڭ تېنىگە تىكەن كىرسە، ئانىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر سانچىلىدۇ. بالىسى ئاغرىپ قالغاندا، دوختۇرخانىنىڭ سوغۇق كارىدورلىرىدا ياكى كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىدا تاشتەك مەزمۇت تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مېھىرلىك، يورۇق كۆزلىرى بىلەن بالىسىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ: «مەن سېنىڭ يېنىڭدا، قورقمىغىن ئوغلۇم (قىزىم)!» دەپ تەسەللىي بېرىدۇ. بۇ بىر ئېغىز سۆز دۇنيادىكى بارلىق دورىلاردىن كۈچلۈك شىپادۇر.

- **ئارزۇلارنىڭ قۇربان قىلىنىشى:** ئۇ ئائىلىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، يىللار بويى كۆڭلىگە پۈككەن شەخسىي ئارزۇ-ئارمانلىرىنى كېچىكتۈرىدۇ، ھەتتا ئۇلاردىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى توختىتىپ، باشقىلار (پەرزەنتلىرى) ئۈچۈن ياشاشنى ھاياتىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلاندۇرىدۇ.
- **روھىي ئازابنىڭ تەڭشىلىشى:** بالىسى يىقىلىپ چۈشسە، ئۆزى يىقىلىپ چۈشكەندىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىدۇ، ئەمما بالىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئازابىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىدۇ.

ئانىنىڭ ھەقىقىي قۇدرىتى شۇ يەردىكى، ئۇ يىغلىسا كۆز ياشلىرىنى يۈرىكىگە ئاققۇزىدۇ، بالىسىغا كۆرسەتمەيدۇ؛ ئۇ ئاغرىسا ئاغرىق ئازابىنى تەبەسسۇمى بىلەن يوشۇرىدۇ؛ ئۇ ھارغىنلىقتىن ماغدۇرسىزلانسىمۇ، «مەن چارچىدىم» دېيىشنى نومۇس بىلىدۇ. چۈنكى، ئانا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنكى، ئۇنىڭ كۈچى سىنالغان ۋە ئاجىزلىغان شۇ نازۇك پەيتتە، ئۇنىڭ روھى بالىسىنىڭ ياشاش كۈچىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئانا ئاجىزلىسا، دۇنيا تەۋرەپ كېتىدۇ.

ئانا ــ ھايات بوران-چاپقۇنلىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغدۇر؛ ئانا ــ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىدە يولىمىزنى يورۇتقۇچى ماياكتۇر؛ ئانا ــ دۇنيادىكى بارلىق ئىغىرچىلىقلارنى نازۇك مۈرىسىدە كۆتۈرەلەيدىغان، ئەمما ھېچكىمگە يۈك بولۇشنى خالىمايدىغان بۈيۈك مۆھەببەتتۇر.

شۇڭا دانا خەلقىمىز: «دۇنيادا ھېچكىم ئانىنى يېڭەلمەيدۇ، چۈنكى ئانا ــ ھاياتنىڭ ئۆزىدۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

ئەگەر سىز بۇ ئۇلۇغ زاتقا رەھمەت ئېيتماقچى بولسىڭىز، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئانا، سەن ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئايالسەن، مەن سېنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن» دېسىڭىزلا كۇپايە. چۈنكى، ئانا ھاياتىدا ئەڭ كۆپ ئاڭلىمىغان، ئەمما ئاڭلاشقا ئەڭ لايىق بولغان سۆز دەل مۇشۇدۇر.

## ئانىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى نېمە؟

شەكسىزكى، ئانىنىڭ مەنىۋى كۈچى: مېھىر-مۇھەببەت، غايە تىكلەش، ئۈلگە بولۇش، تەربىيە، چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

- **سۆيگۈ ــ روھنىڭ ئوزۇقى:** ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان شەرتسىز سۆيگۈ-مۇھەببىتى بالىنىڭ قەلبىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.
- **غايە ــ كەلگۈسىنىڭ خەرىتىسى:** ئانا يۈكسەك غايىلەرنى تىكلىسە ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئېنىق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولسا، بالا شۇ غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان قەھرىمان بولۇپ يېتىشىدۇ.
- **ئۈلگە ــ تۇنجى ئۇستاز:** ئانا ھاياتتا قانداق ياشىسا، قانداق پىكىر قىلسا، بالا شۇنى ئۆزىگە ئەينەك قىلىپ چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئانا ــ بالىنىڭ تۇنجى مەكتىپىدۇر.
- **تەربىيە ــ مىللەتنىڭ تەقدىرى:** ئانىنىڭ بەرگەن ياخشى تەربىيەسى بىلەن بىر ئەۋلاد ياخشى يېتىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقى پۈتكۈل جەمئىيەتكە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.
- **چىدامچانلىق ــ ھاياتنىڭ قالقىنى:** ئانا قىيىنچىلىقلار ۋە سىناقلار ئالدىدا چىداملىق بولسا، بالىسىمۇ ھاياتنىڭ زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىرادىلىك ئىنسان بولۇپ چىقىدۇ.
- **سەۋرچانلىق ــ پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى:** ئانا قانچىلىك سەۋرلىك، ئېغىر-بېسىق ۋە ۋەزمىن بولسا، بالىنىڭ مىجەز-خۇلقىمۇ شۇنچىلىك مۇكەممەل بولىدۇ.

خۇلاسە كالام: دۇنيانىڭ تەقدىرى ھەقىقەتەنمۇ ئانىلارنىڭ قولىدىدۇر. چۈنكى، بىر پەزىلەتلىك ئانا بىر بەختلىك ئائىلىنى، بىر بەختلىك ئائىلە بىر ساغلام جەمئىيەتنى، ساغلام جەمئىيەت بولسا تىنچ ۋە گۈزەل دۇنيانى بەرپا قىلىدۇ.

# ئانىنىڭ دۇئاسى – ئەرشئەلاغا يېتىدىغان نۇرانە شوتا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۈچ خىل دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا قىلچە شەك يوقتۇر. ئۇلار: زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، يۇرتىدىن ئايرىلغان مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە قىلغان دۇئاسى»[1] . گەرچە ھەدىستە «ئاتا» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ مۇتلەق ھالدا ئانىنىڭ دۇئاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەتتا ئانا ھەققىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مېھىر-شەپقىتىنىڭ چەكسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ دۇئاسى تېخىمۇ تېز ئىجابەت بولىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ھەققىدە قىلغان دۇئاسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توسالغۇسىز قوبۇل بولىدۇ. مەيلى ئۇلار پەرزەنتلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسۇن ياكى كۆڭلى رەنجىگەن ھالەتتە يامانلىق تىلەپ بەددۇئا قىلسۇن، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەردۇر. شۇڭا، ئانىنىڭ دۇئاسى پەرزەنتىنىڭ تەقدىرىنى سىزىدىغان كۆرۈنمەس قەلەمدۇر.

بۇنىڭغا تارىخىمىزدىكى جانلىق مىساللاردىن بىرى بولغان، ھەدىس ئىلمىنىڭ سۇلتانى ئىمام بۇخارىينىڭ ھاياتىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئىمام بۇخارىي تېخى گۆدەك ۋاقتىدىلا دادىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە قالغان ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا دۇچار بولغان ئېغىر بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. ئوغلىنى دىنىدا مۇكەممەل يېتىشتۈرۈپ، كاتتا ئالىم قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ۋە پۈتۈن بارلىقىنى شۇ يولغا ئاتىغان ئانا ئۈچۈن بۇ زور بىر سىناق ئىدى. لېكىن، بۇ ئىرادىلىك ۋە مېھرىبان ئانا تەقدىرنىڭ بۇ سىنىقىغا تىز

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، 3862- ھەدىس، ئەللامە ئەلبانىي «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»دا «سەھىھ» دەپ باھالىغان، 596- ھەدىس.

پۈكمىدى، ئۈمىدسىزلىككە چۆكمىدى. ئەكسىچە، ئۇ كېچىلىرى ھەممە ئادەم تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن رەببىگە يالۋۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققان ئىلتىجالار كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئەرشكە يەتتى. بىر كېچىسى ئۇ چۈشىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۇ. چۈشىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەي ئايال! سېنىڭ كۆپ يىغلاپ، سەممىيلىك بىلەن كۆپ دۇئا قىلغانلىقىڭ سەۋەبىدىن، ئاللاھ تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلدى، ئوغلۇڭنىڭ كۆزلىرى قايتىدىن نۇرغا تولدى» دەپ بېشارەت بېرىدۇ. چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئويغانغان ئانا دەرھال ئوغلىنى ئويغىتىدۇ. ئوغلى كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا ھەيرانلىقتىن تىلى تۇتۇلىدۇ. ئانا-بالا بۇ ئىلاھىي مۆجىزىدىن تەسىرلىنىپ، بىر-بىرىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە خۇشاللىق

ياشلىرىنى تۆكىدۇ. مانا بۇ، ئۈمىدنى ئۈزمەي قىلىنغان ئانا دۇئاسىنىڭ قۇدرىتىدۇر.

ئەمدى، يېقىن زاماندىكى بىر مىسالغا نەزەر سالايلى: بىر ئانىنىڭ يالغۇز ئوغلى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئامېرىكاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلمەكچى بولىدۇ. بىراق، ئانا ئۇ يەردىكى بەزى ياشلارنىڭ يامان مۇھىت ۋە ناچار دوستلارنىڭ تەسىرىدە دىنىي ئەقىدىسىدىن ۋە ئىسلامىي ئەخلاقىدىن يىراقلىشىپ، ھاياتىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكىگە قورقۇنچ چۈشىدۇ ۋە ئوغلىنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا قوشۇلمايدۇ. ئەمما ئوغلى بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئايال «ئەۋەتەي دېسەم، ئوغلۇمنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن؛ ئەۋەتمەي دېسەم، ئوغلۇم بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدى» دەپ قاتتىق ئىككىلىنىدۇ. ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن، ئاخىرى ئوغلىنى ئەۋەتىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ: «ئى رەببىم! ئوغلۇمنى ساڭا ئامانەت قىلدىم، سەن قويۇلغان ئامانەتنى زايە قىلىۋەتمەيدىغان زاتسەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا سېنى ۋەكىل قىلدىم، سەن ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا ھامىي بولغىن ۋە ئۇنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقلاردىن ساقلىغىن» دەپ چىن قەلبىدىن دۇئا قىلىپ، ئوغلىنى

ياراتقۇچىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇردۇ. ئانا شۇ كۈندىن باشلاپ، نامىزىنىڭ بىر قىسمىنى مەخسۇس ئوغلىغا دۇئا قىلىشقا ئاتايدۇ. ھەر تاڭ سەھەردە ۋە ھەر ئاخشامدا ئاللاھتىن ئوغلىنىڭ ئىمانىنى ۋە ئەخلاقىنى قوغدىشىنى تىلەيدۇ. يىللار ئۆتۈپ، ئوغۇل ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ قايتىپ كېلىدۇ. ھەيران قالارلىقى، ئۇ پەقەت بىلىملىك بىر زىيالىي بولۇپلا قالماي، بەلكى بەش ۋاخ نامازنى مەسچىتتە ئوقۇيدىغان، سەھەرلىرى تەھەججۇد نامىزىنى تەرك ئەتمەيدىغان، ئانىسىغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغان، تەقۋادار بىر ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. يەنى ئوغۇل ئانىسىنىڭ دۇئاسى ۋە ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چەتئەلدىكى پىتنە-پاساتلاردىن ساقلىنىپ، تېخىمۇ دىندار ۋە ئەخلاقلىق بولۇپ قايتىدۇ.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە! چۈنكى ئۇ ئانا ئوغلىنى ئالەملەرنىڭ رەببى، ھەممە نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان قادىر ئاللاھ تائالاغا ئامانەت قىلغان ۋە كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى ھەرگىزمۇ زايە قىلىۋەتمەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان زات تۇرسا، شۇنچە سەمىمىي قىلىنغان ئانا دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولمىسۇن؟!

## ئايال ــ دۇنيانىڭ روھى ۋە تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىگۈچى كۈچ

ئايال زاتى ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپلا ھايات سەھنىسىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. ئايال ــ ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ھاياتلىق كۈرۈشىگە مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئاتلانغان ھەمراھتۇر. ئىنسانىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ھەرگىزمۇ ئەرلەرنىڭكىدىن كەم ئەمەس، بەلكى بەزى ئورۇنلاردا تېخىمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە ھەۋۋا ئانىمىز، پەرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەم، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ۋە ئاچىسى، شۇنداقلا پاراسەتلىك ئايال پادىشاھ بىلقىس قاتارلىق ئاياللارنىڭ

ئىسمى ۋە قىسسىلىرى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان.

ئىسلام تارىخىنىڭ دەسلەپكى بەتلىرىمۇ ئاياللارنىڭ شانلىق ئىزلىرى بىلەن بېزەلگەن. ئىسلامغا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان ئىنسان ئەر ئەمەس، بەلكى بىر ئايال يەنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇپ، بۇ ۋەقەلىك تارىخقا ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان. شۇنىڭدەك، ھاجەر ئانىمىزنىڭ سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن جاپالىق ھەرىكىتى، بۈگۈنكى كۈندە مىليونلىغان ھاجىلارنىڭ سافا بىلەن مەرۋە تېغى ئارىسىدا قىلىدىغان سەئيى ئىبادىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. ئىسلام يولىدا تۇنجى بولۇپ جېنىنى پىدا قىلىپ، شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەن كىشىمۇ سۇمەييە ئىسىملىك بىر ئايال ساھابە ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ھەدىس ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخاري، فىقھى ئىلمىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، شۇنداقلا ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغان بۈيۈك قوماندان سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋە گۈللىنىشىگە نېگىزلىك تۆھپە قوشقان، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىنى ئەڭ قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈرگەن ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىق دۇنيانى تەۋرەتكەن كاتتا شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلار دەل ئاشۇ مۇنەۋۋەر ئانىلار ئىدى. ئۇلار تارىخىمىزدا ھەمىشە ئىپتىخارلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەسلىنىشكە مۇيەسسەر بولغان.

بىراق، مىڭ ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئەسىرلەردە بىز ئىسلامنىڭ پارلاق كۆرسەتمىلىرىدىن، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ توغرا يولىدىن يىراقلىشىپ، جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا پاتقانسېرى، ئاياللارغا بولغان كۆزقارىشىمىزمۇ خۇنۇكلەشتى. ئاياللارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە سۆزلەش «ئەيىب» ياكى «نومۇس» سانىلىدىغان، ئەقىل ياكى دىن تەرەپتىن قىلچە ئاساسى يوق غەلىتە ئادەتلەر پەيدا بولدى. نەتىجىدە، بىز تارىخ ياراتقان بۇ قەھرىمان ئانىلارنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ئاياللار بىزنىڭ نەزەرىمىزدە پەقەت ئۆي ئىچىگىلا قامىلىدىغان، جەمئىيەتتە ئورنى يوق، رولى ئېتىراپ قىلىنمايدىغان «كىچىك» بىر تائىپىگە ئايلىنىپ قالدى.

**بۇ خاتا چۈشەنچىنىڭ بەدىلى ئېغىر بولدى:** بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە يارامسىز، مەسئۇلىيەتسىز، غايىسىز ۋە روھىيىتى پۇچەك بىر ئەۋلاد بارلىققا كەلدى. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ تۈنجى مەدرىسىسى، باللارنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازى بولغان ئانىلارغا ئەھمىيەت بېرىلمىدى، ئۇلارنىڭ تەربىيەچىلىك رولىغا سەل قارالدى. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئايالنى ھۆرمەتلىگەن مىللەت كەلگۈسىنى ھۆرمەتلىگەن، ئايالنى خارلىغان مىللەت ئۆز ئىستىقبا-لىنى ۋەيران قىلغان بولىدۇ.

# قانۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان قەھرىمان ئاياللار

تارىخ سەھىپىلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئايالارنىڭ نازۇك مۈرىسىدە تاغدەك ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى كۆتۈرۈپ، ئادالەتسىز قانۇنلارنى ۋە ئىنسانىيەتكە خىلاپ تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە شاھىت بولىمىز. ئۇلار زۇلۇمغا باش ئەگمەسلىك، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئېتىقادىنى قوغداش ئارقىلىق دۇنيانىڭ يۈرۈشىنى ئۆزگەرتكەن. تۆۋەندىكى ئۈچ ئايالنىڭ ھاياتى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر:

### 1. روزا لۇۋىس پاركس: سۈكۈتتىن ئىسيانغىچە

ئامېرىكا تارىخىدىكى «پۇقراۋى ھوقۇقلار ھەرىكىتىنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلەنگەن روزا لۇۋىس پاركس 1913-يىلى ئامېرىكادا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى ئامېرىكا جەمئىيىتىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ئەۋج ئالغان، ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقى ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغان زامانلارغا توغرا كەلگەن ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى تېرىسىنىڭ رەڭگى بىلەن ئۆلچىنەتتى؛ ئاق تەنلىكلەر كىرگەن ئاشخانىلارغا قارا تەنلىكلەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن، ھەتتا ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردىمۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ ئولتۇرۇش ھوقۇقى دەپسەندە قىلىناتتى. روزا لۇۋىس تاكى 42 يېشىغا كىرگەنگە قەدەر بۇ خورلۇق ۋە كەمسىتىشلەرنىڭ بىۋاسىتە شاھىتى بولۇپ، يۈرىكىدە زۇلۇمغا بولغان كۈچلۈك نەپرەت ئوتى يېنىپ تۇراتتى.

گەرچە ئۇ بۇ ئادالەتسىزلىككە قارشى چىقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دەۋرنىڭ قەھرى ۋە ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقى ئۇنى قورقۇنچ ئىچىدە تۇتۇپ تۇرغان

ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە تىنىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بىراق، «سەۋرىنىڭمۇ چېكى بار» دېگەندەك، بىر كۈنى ئۇ ئۆزىدە ئاجايىپ بىر جاسارەتنى ھېس قىلدى. شۇ كۈنى ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ، بىر بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بۇنى كۆرگەن بىر ئاق تەنلىك يولۇچى بۇ «غەلىتە» ئەھۋالغا غەزەپلىنىپ، ئۇنى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇدى. روزانىڭ ھاياتىدا بۇنداق ھاقارەتلەر مىڭلارچە قېتىم يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇ خارلىققا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ تارىخنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىرادە بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، مېنىڭمۇ بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش ھەققىم بار!» دەپ خىتاب قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ كەسكىن قارشىلىقىدىن كېيىن، ئاپتوبۇستىكى ئاق تەنلىكلەر ۋە ساقچىلار بىرلىشىپ ئۇنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ھاقارەتلەپ ۋە دۈمبالاپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتىكى «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن ئۇنىڭغا 14 دوللار جەرىمانە قويۇلدى. بۇ ۋەقە بىر ئۇچقۇن بولۇپ، پۈتكۈل ئامېرىكادىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ غەزىپىنى پارتلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان مەشھۇر پوپ مارتىن لۇتېر كىڭ پۈتۈن قارا تەنلىكلەرنى ئامېرىكادىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ۋە بايقۇت قىلىشقا چاقىردى. بۇ قارشىلىق ھەرىكىتى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك داۋاملاشتى؛ جەمئىي 381 كۈن داۋامىدا ھېچبىر قارا تەنلىك ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا چىقمىدى. ئۇلار پىيادە مېڭىشنى تاللىدىكى، ھەرگىزمۇ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلدۇرمىدى.

بۇ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىق ھەرىكىتى ئامېرىكا جەمئىيىتىنى قاتتىق زىلزىلىگە سالدى. نەتىجىدە، ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ، 1964-يىلى ئامېرىكادا «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قانۇنى» رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە «ھەممە پۇقرا باراۋەر ھوقۇققا ئىگىدۇر» دېگەن مەزمۇندىكى يېڭى قانۇن لايىھەسى ماقۇللاندى. بىر ئايالنىڭ بىر قېتىملىق «ياق» دېيىشى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.

روزا لۇۋىس پاركىس ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى ئېلىپ بارغان بۇ ئۇلۇغۋار ھەرىكىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى. ئۇ 1996-يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى تەرىپىدىن «ئەركىنلىك قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئالىي پۇقراۋى مۇكاپاتى بولغان ئالتۇن مېدالغا سازاۋەر بولدى. بۇ قەھرىمان ئايال 2005-يىلى، 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بىزگە شۇنى ئۆگەتتىكى: «بەزىدە ئولتۇرۇش ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىنمۇ بەكرەك قەھرىمانلىقتۇر».

## 2. ھالە ئەتىق: ئېتىقاد بىلەن سىنالغان قەلب

ھالە ئەتىق 1966-يىلى سۇرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە، دىندار بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپكى تەربىيەنى ئائىلىسىدىن ئېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز مەھەللىسىدە تاماملىغان. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇ-رۇشى بىلەن دادىسى ئامېرىكاغا بېرىپ، كالىفورنىيە شىتاتىغا ئورۇنلاشقان. بىر مەزگىلدىن كېيىن، دادىسى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن سۇرىيەگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار ئائىلە بويىچە شامدىن ئايرىلىپ، ئامېرىكىنىڭ نىيۇيورك ئايرودۇرۇمىغا يېتىپ بارغاندا، ھالە ئەمدىلا 13 ياشلىق ئۆسمۈر قىز ئىدى.

ئۇلار نىيۇيورك ئايرودۇرۇمىدا كالىفورنىيەگە بېرىش ئۈچۈن رەسمىيەت بېجىرىۋاتقاندا، بىر چوڭ سىناققا دۇچ كەلدى. ئامېرىكادا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش رۇخسىتى (يېشىل كارت) ئېلىش ئۈچۈن رەسىمگە چۈشۈش تەلەپ قىلىناتتى. قائىدە بويىچە، رەسىمدە باش ۋە چېچى تولۇق كۆرۈنۈشى كېرەك ئىدى. ھالەنىڭ ئانىسى ۋە ئاچىلىرى ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق تەلىپى ۋە زورۇرىيەت تۈپەيلىدىن، ناھايىتى نارازى بولغان ھالدا ياغلىقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، يالاڭباش رەسىمگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، نۆۋەت كىچىك ھالەگە كەلگەندە، ئىش باشقىچە تۈس ئالدى. بۇ نارەسىدە قىزچاق ئېتىقادىنى قوغداش ئۈچۈن بېشىنى ئېچىشنى قەتئىي رەت قىلدى.

كالىفورنىيەگە بارىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان، ۋەزىيەت جىددىي ئىدى. ئاتا-ئانىسى قىزىغا يالۋۇرۇپ: «جېنىم قىزىم!

رەسمىيەت بىجىرمىسەك بۇ يەردە تۇرالمايمىز، بىشىمىزنى يۆگەپ چۈشكەن رەسىملەرنى بۇلار قوبۇل قىلمايدىكەن. بۇ بىر مەجبۇرىيەت، ئاللاھ قەلبىمىزنى بىلىدۇ، بىزنى كەچۈرىدۇ. قىزىم، بىزنى قىيىن ئەھۋالدا قويماڭ، رەسىمگە چۈشۈۋېلىپلا ياغلىقىڭىزنى قايتا ئارتىۋالىسىز...» دەپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن، ھالەنىڭ قەلبىدىكى ئىمان نۇرى ئۇنىڭغا باشقىچە كۈچ بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ دادىسىغا قاراپ: «دادا! بېشىنى ئېچىپ رەسىمگە چۈشۈش ئاللاھنىڭ قانۇنىمۇ ياكى بەندىنىڭمۇ؟» دەپ سوئال قويدى. دادىسى: «بۇ بەندىلەر چىقارغان قانۇن، قىزىم» دەپ جاۋاب بەردى. شۇئان ھالە كەسكىنلىك بىلەن: «ئۇنداقتا، مەن بەندىنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىمەن دەپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلالمايمەن! ئەگەر بېشىمنى ئاچمىسام مېنى ئامېرىكاغا قوبۇل قىلمىسا، مەن سۇرىيەگە قايتىپ كېتەي دادا! چۈنكى مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ﴾ «بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن»[1] دەپ تەلىم بەرگەن.

ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلارنى كالىفورنىيەگە ئېلىپ بارىدىغان ئايروپىلان ئۇچۇپ كەتتى، بىلەتلىرى كۆيۈپ كەتتى. ئەمما ھالەنىڭ بۇ قەتئىي ئىرادىسى ۋە كىچىك قەلبىدىكى چوڭ جاسارىتى ئايرودۇرومدىكى ئەمەلدارلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ھالەنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ياغلىقى بىلەن رەسىمگە چۈشۈشىگە رۇخسەت قىلدى. بۇ ۋەقە 1979-يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، دەل شۇ يىلدىن باشلاپ ئامېرىكادا «ئاياللار دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك پاسپورت ياكى باشقا رەسمىيەتلەردە بېشىنى يۆگەپ رەسىمگە چۈشسە بولىدۇ» دېگەن يېڭى قانۇنىي بەلگىلىمە يولغا قويۇلدى.

ھالە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى كېيىنكى ئايروپىلان بىلەن كالىفورنىيەگە يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى بىر شوم خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئەسلىدە ئولتۇرماقچى بولغان، ئەمما ھالەنىڭ سەۋەبىدىن قېپقالغان ھېلىقى ئايروپىلان يولدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئىچىدىكى بارلىق يولۇچىلار قازا قىلغان

[1] ھۇد سۈرىسى: 112-ئايەت.

ئىدى. ئائىلە ئەزالىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەم قايغۇردى، ھەم ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەرنى ئېيتتى. بۇ ۋەقە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىمكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئاپەتلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا﴾ «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ»[1].

## 3. ئىزابىللا بومفرى: قۇللۇقتىن ھۆرلۈككىچە

ئىزابىللا بومفرى (تارىختا «سوجۇرنېر تروتس» يەنى «ھەقىقەت يولىدىكى مۇساپىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) 1797-يىلى ئامېرىكانىڭ نيۇيورك ئىشتاتىدا، قۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قۇل بولغاچقا، ئۇمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا قۇللۇق تامغىسى بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇ 13 قېرىنداشنىڭ بىرى بولۇپ، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆز ئالدىدىلا قۇل بازىرىدا مالدەك سېتىلىپ كەتكەن. ئۆزىمۇ بىر نەچچە قېتىم قولدىن-قولغا ئۆتۈپ سېتىلغان، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىنسان چىدىغۇسىز زوراۋانلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئەمما، زۇلۇم زەنجىرلىرى ئۇنىڭ روھىنى باغلىيالمىدى. 1826-يىلى، نيۇيوركتا قۇللۇق تۈزۈمى رەسمىي بىكار قىلىنىشتىن بىر يىل بۇرۇن، ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ قېچىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي كۈرەش ئەمدى باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى قانۇنسىز رەۋىشتە يەنە قۇللۇققا سېتىۋېتىلگەندە، ئىزابىللا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىشقا جۈرئەت قىلدى: ئۇ ئاق تەنلىك بىر خوجايىننىڭ ئۈستىدىن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى. ئۇ دەۋرده بىر قارا تەنلىك ئايالنىڭ، بولۇپمۇ سابىق قۇلنىڭ ئاق تەنلىك ئەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى خىيالغىمۇ كەلمەيدىغان ئىش ئىدى. بىراق، ھەقىقەت ۋە ئانىلىق مېھرى ئۇنىڭغا كۈچ بەردى. ئۇ سوتتا غەلىبە قىلىپ، ئوغلىنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ، ئامېرىكا تارىخىدا بىر قارا تەنلىك

[1] تەلاق سۈرىسى:2- ئايەت.

ئايالنىڭ ئاق تەنلىك ئەر ئۈستىدىن سوتتا غەلىبە قىلغان تۇنجى مىسالى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي قۇللۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتىگە بېغىشلىدى. ئۇنىڭ 1851-يىلى ئاياللار ھوقۇقى يىغىنىدا سۆزلىگەن «مەن ئايال ئەمەسمۇ؟»ناملىق مەشھۇر نۇتۇقى ئاياللار ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىمۋولىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاددىي، ئەمما يۈرەكلەرنى تىترەتكۈدەك كۈچكە ئىگە ئىدى.

ئىزابىللا بومفرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چاقنىغان نۇر، قۇللۇق زەنجىرىنى پارچىلىغان ئىرادە ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرغۇچى جەڭچىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى: ھەقىقەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ھەرگىزمۇ ئىزسىز قالمايدۇ، ھەمدە ئەڭ ئاجىز دەپ قارالغان ئىنسانلارمۇ مۇستەھكەم ئىرادىسى بىلەن ئەڭ كۈچلۈك قانۇنلارنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## ئانا ــ ئائىلىنىڭ يۈرىكى ۋە مىللەتنىڭ مەكتىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىپ: «ھەممىڭلار پادىچىغا ئوخشاش ۋە ھەممىڭلار ئۆز قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە مەسئۇلسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر)، ئەر ئۆز ئەھلى-ئايالىغا مەسئۇل، ئايال ئۆيى ئىچىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە مەسئۇلدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىستە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ھەربىر ئاتا-ئانا ۋە ھەربىر تەربىيەچى ئۆز زىممىسىدىكى ئامانەتكە جاۋابكاردۇر. بىراق، ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاتىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ نازۇك ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى، بالىلار دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا كۆپىنچە ۋاقتىنى ئانىسى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى ئۇستازى، تۇنجى مەكتىپى ۋە تۇنجى ئۈلگىسى دەل شۇ مېھرىبان ئانىدۇر. ئانا پەرزەنتىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تۇنجى ئۇرۇقنى سالىدۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن تۇنجى تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى ئەجدادلىرىمىزمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. 11-ئەسىردە ياشىغان، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرىدە، ئانىلارغا پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنداق ئالتۇن ئۆگۈتلىرىنى قالدۇرغان:

*تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز-ئوغۇل،*
*ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.*

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ مىسرالار شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، پەرزەنت خۇددى ئايدەك يورۇق ۋە پاك تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇنى كىمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش، ئۇنىڭغا نىملەرنى يېزىش ئانىنىڭ تاللىشى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر. ئەگەر ئانا ئۆزى تەربىيەچى بولسا، بالا كامالەتكە يېتىدۇ؛ ئەگەر باشقىلارغا تاشلاپ قويسا، ئۇنىڭ تەقدىرى خۇنۇكلىشىشى مۇمكىن.

شۇنىڭدەك، مىسىرلىق مەشھۇر شائىر ھافىز ئىبراھىمنىڭ ئانىنىڭ مىللەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى باھالاپ، مۇنداق بېيىتلارنى يازغان:

**الأُمُّ مَدْرَسَةٌ إِذَا أَعْدَدْتَهَا**

**أَعْدَدْتَ شَعْبًا طَيِّبَ الأَعْرَاقِ**

*ئانا بىر مەكتەپتۇر، يېتىشتۈرسەڭ سەن ئۇنى،*
*يېتىشتۈرسەن تېگى پاك، ئېسىل بىر مىللەتنى.*

بۇ شېئىر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى: ئانا پەقەت بىر شەخس ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى پارلاق قىلىدىغان بۈيۈك «مەكتەپ»تۇر. ئەگەر بىر جەمئىيەتتە ئانىلار ئىلىم-مەرىپەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە ئاڭلىق قىلىپ تەربىيەلەنسە، مۇقەررەركى، شۇ جەمئىيەتتە تېگى-تەكتى پاك، ئەخلاقى ئېسىل، ۋىجدانلىق بىر ئەۋلاد يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەكسىچە، ئانىلار ساپاسىزلانسا ۋە نادانلاشسا، مىللەتنىڭ يىلتىزى چىرىشكە يۈزلىنىدۇ. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى ئانىلار-نىڭ ساپاسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىغا باغلىقتۇر.

## ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى: هاياتلىق بۆشۈكىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلەر

ئانا ـ بىر ئائىلىنىڭ روهى، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىدىغان بىناكاردۇر. ئانىنىڭ ئائىلىدىكى رولى پەقەتلا ماددىي تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ پەرزەنتلەرنىڭ روهىغا هاياتلىق ئۇرۇقىنى چاچىدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئانىنىڭ ئائىلىدىكى ئەڭ مۇهىم ۋەزىپىلىرىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەش مۇمكىن:

### 1. پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن لاياقەتلىك يېتىلىشىگە كۈچ سەرپ قىلىش

ساغلام تەن ـ ساغلام ئەقىلنىڭ ئاساسى. ئانا بالىلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەلەپكە لايىق، كۈچلۈك ئىنسانلار بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: پەرزەنتلەرنى ساغلام ۋە تەبىئىي يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، تەن ساغلاملىقىغا يوشۇرۇن خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان تەييار ۋە سۈنئىي يېمەكلىكلەردىن، زىيانلىق تاتلىق-تۇرۇملاردىن، گازلىق ئىچىملىكلەردىن يىراق تۇتۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر كۈنى ھەربىر بالا ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 15 مىنۇت مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، تېلېفون ۋە ئېلېكترونلۇق ئېكرانلاردىن تامامەن يىراقلاشقان ھالدا، ئۇلار بىلەن ئويۇن ئويناش، سىردىشىش ياكى كىتاب ئوقۇش كېرەك. بۇ ئاددىيغىنا 15 مىنۇت پەقەتلا بىر ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئەمەس، بەلكى روھلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتىشىشى ۋە بالىغا «سەن مەن ئۈچۈن مۇھىم» دېگەن سۆيگۈ سىگنالىنى يەتكۈزۈشتۇر.

## 2. پەرزەنتلەرنىڭ روھىيىتىگە دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىش

ئەخلاق ۋە ئېتىقاد ــ ھايات سەپىرىدىكى كومپاستۇر. ئانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى شۇ كومپاسنى بالىنىڭ قەلبىگە ئورنىتىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئاخشاملىرى بالىلار بىلەن بىللە قۇرئان كەرىمدىن قىسقا سۈرىلەرنى تىلاۋەت قىلىش ۋە يادلاش؛ راستچىللىق، تىرىشچانلىق، مېھىر-شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق قاتارلىق يۈكسەك قىممەت قاراشلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رېئال ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەرنى بالىلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇپ ئادەتلەندۈرۈش، نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇخلاشتىن بۇرۇن پەرزەنتلەرگە چوقۇم مەنىۋى ئوزۇق بولىدىغان قىسسەلەرنى سۆزلەپ بېرىش كېرەك. جۈملىدىن قۇرئان كەرىمدىكى ھېكمەتلىك قىسسەلەر، ساھابىلەرنىڭ پىداكارلىقى ۋە شانلىق ئەجدادلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ قىسسەلەر كىچە قاراڭغۇلۇقىدا گۆدەكلەرنىڭ ھېسسىياتىغا نۇر بولۇپ چېچىلىپ، ئۇلارنى كەلگۈسىنىڭ قەھرىمانلىرى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

## 3. پەرزەنتلەردە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش

مۇستەقىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن: ھەپتىلىك تاماق ئېتىش ۋە ئۆي تازىلاش ۋەزىپە جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىپ، بالىلارغا يېشى ۋە ئىقتىدارىغا ماس ھالدا مەلۇم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇش كېرەك. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئاشخانىدا بالىلار بىلەن بىللە تاماق تەييارلاش ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. بۇ جەرياندا ئوغۇل-قىز دەپ پەرق ئەتمەي، ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى ھايات ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشتە جىنس پەرقى يوقتۇر؛ بۇ ئارقىلىق ئۇلار كەلگۈسىدە ئۆز پۇتىدا تىك تۇرالايدىغان ۋە پىشقان ئىنسانلاردىن بولۇپ چىقىدۇ.

## 4. ئائىلە تۆۋرۈكى بولغان ھاياتلىق ھەمراھىنى قوللاش

ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ ساغلاملىقى ئائىلە بەختىنىڭ شاھ تومۇرىدۇر. مەسىلەن: ھەر ئەتىگىنى تىرىكچىلىك يولىغا ئاتلانغان ئېرىنى ئىللىق تەبەسسۇم ۋە گۈزەل تىلەكلەر بىلەن يولغا سېلىش؛ كەچتە ئۆيگە قايتقاندا، كۈننىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن سوراش؛ چارچاپ كەلگەن جۈپتىنى مېھرىبانلىق ۋە سۆيگۈ بىلەن كۈتۈۋېلىش، شۇنداقلا ئائىلىسى ئۈچۈن چەككەن جاپالىرىغا داۋاملىق تۈردە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ئەر ئۈچۈن سىرتتىكى دۇنيانىڭ پۈتۈن غەم-ئەندىشىلىرى ئۆيگە كىرگەندە ئايالىنىڭ ئىللىق سۆزلىرى بىلەن تامامەن غايىب بولىدۇ.

## 5. ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش

بۇلاق سۈيى ئۇزى تولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنى سۇغىرالايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، مېھرىبان ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىگە ياخشى قارىشى، يېتەرلىك دەم ئېلىشى كېرەك. روھىيىتىنى دۇئا، زىكىر ۋە قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن بېيىتىپ، قەلب خاتىرجەملىكىنى تېپىشى؛ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەپتىدە ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم يېرىم سائەتتىن بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئادەت قىلىشى، ئاخشاملىرى بالدۇر ئۇخلىشى لازىم. ئانا ـ ئائىلىنىڭ قۇياشى، قۇياش ئۆزى نۇرلۇق بولغاندىلا، ئاندىن ئەتراپىغا ئىسسىقلىق چاچالايدۇ.

## 6. ئىزچىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزىنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئانا پەرزەنتلىرىنى دەۋرگە ماس ھالدا توغرا يېتەكلەش ئۈچۈن، ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، داۋاملىق كىتاب ئوقۇشقا ۋە يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىشكە موھتاج. زامانىمىزدا ئىلىم ئېلىش ۋە ئۆگىنىش مەنبەلىرى ئىنتايىن كېڭەيدى، قولايلاشتى. شۇڭا «ئوقۇيالمىدىم»، «ئۆگىنەلمىدىم» ياكى «ۋاقىت چىقىرالمىدىم» دېگەندەك باھانىلەر قەتئىي ئورۇنسىزدۇر. ئەگەر بىز زېھنىمىزنى خورىتىۋاتقان يانفون ۋە ئىجتىمائىي

تاراتقۇلارغا قارىتىلغان ئارتۇقچە ۋاقتىمىزغا چەك قويالىساق، زور مىقداردىكى ۋاقتىمىزنى تېجەپ قالالايمىز ھەمدە ئۇنى ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيمىز.

**خۇلاسە:** بالا تەربىيەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ سىرلىق ئاچقۇچى ئاغزاكى نەسىھەتتە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن «ئۈلگە بولۇش»تىدۇر. يۈكسەك ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، ئانا ئۆزىدە ئاشۇ گۈزەل خىسلەتلەرنى يېتىلدۇرۇشى شەرت. پەلسەپىدە «ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ» دېگەن مەشھۇر ھەقىقەت بار. شۇ سەۋەبتىن، ئاتا-ئانا ئالدى بىلەن ئۆزى ھەقىقىي دىندار، يۈكسەك ئەخلاقلىق ۋە پىكرى ساغلام ئىنسانلاردىن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئالدىدا ئىبادەتكە سەل قاراشتىن ياكى ئەخلاقتا داغ تەگكۈزىدىغان ئەڭ ئاددىي بىر نالايىق قىلىقنى سادىر قىلىشتىنمۇ قاتتىق ھەزەر ئەيلەش كېرەك. چۈنكى گۆدەكلەرنىڭ سۈزۈك نەزىرىدە ئاتا-ئانا دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل زاتلاردۇر. ئۇلار دۇنيانى تونۇش ۋە ھاياتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىنى قەلەم-دەپتەرسىزلا ئۆز قەلبىنىڭ تېمىغا ئويۇپ يازىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

## قىزلار ـ ئائىلە گۈلزارىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر

قىزلار ـ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ يارقىن جەۋھەرلەردۇر. ئۇلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىنغان تەڭداشسىز نېمەت، ئائىلە گۈلزارىنىڭ ئەڭ گۈزەل چېچىكى ۋە خاسىيەتلىك بەرىكىتىدۇر. پەلسەپىدە ئېيتىلغىنىدەك، ئوغۇل بالا ئائىلىنىڭ قۇۋۋىتى بولسا، قىز بالا شۇ ئائىلىنىڭ مۇھەببەتكە تولغان روھى ۋە مېھرى بولىدۇ.

قىزلار تېخى بويىغا يەتمىگەن چاغلىرىدا مېھرىبان ئاتىسىنىڭ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ساداقەتمەن جورىسىنىڭ ئىللىق ھىمايىسىگە تاپشۇرۇلغان ئەڭ مۇقەددەس «ئامانەت»تۇر. بۇ ئىلاھىي ئامانەتنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر ھەر ئىككى ئالەمدە يۈكسەك مۇكاپاتلارغا نائىل بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى خارلىغانلار، سۇنغان شىشىدەك قايتا ئەسلىگە كەلمەيدىغان نازۇك كۆڭلىنى زەخىملەندۇرۇپ بىئارام قىلغانلار، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۆز قىلمىشىنىڭ ئېغىر جازاسىنى تارتىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا، كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپىنچە ھاللاردا سەل قارىلىدىغان، بەزىدە ھەتتا قانۇنىنىڭ كۆزىدىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالايدىغان ئەڭ ئاسان، لېكىن ئەڭ رەزىل زۇلۇم ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇمدۇر. ئەمما شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، ئىلاھىي ئادالەت تارازىسىدا قىلچىلىك خاتالىق يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مەزلۇم ئايالنىڭ بىر تامچە كۆز يېشى ئۈچۈن، زالىمنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە قالدۇرمايلا مۇشۇ دۇنيادا بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە زۇلۇمدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ اللّٰهَ غَافِلًا عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ﴾ «زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن!»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ زالىمنى

[1] ئىبراھىم سۈرىسى؛ 42- ئايەت.

جازالىماقچى بولغاندا ئۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ»[1].

مۇھەببەت پەلسەپىسىدە مۇنداق بىر ھەقىقەت بار: بىر ئەرنىڭ مۇھەببەتتىكى لاياقەتلىكلىكى ئۇنىڭ ئۆز جورىسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۆز ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىغان ئەر باشقا ھەرقانداق ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قادىر بولالمايدۇ؛ ئۆز ئايالىنىڭ نازۇك قەلبىگە بارىدىغان توغرا يولدا ئادىشىپ قالغان ئەر باشقا ھېچبىر قەلبتە مۇستەھكەم ئورۇن تاپالمايدۇ. شۇڭا ئۆز ھويلىسىدىكى خۇش پۇراق چېچەكنى سۆيگۈ سۈيى بىلەن پەرۋىش قىلالمىغان باغۇەن تالادىكى قاقاسلىققا چېچىلغان ئۇرۇقلاردىن ھەرگىزمۇ چېچەك ئاچتۇرالمايدۇ.

بىر ئەرنىڭ ھەقىقىي تەقۋادارلىقى، كىشىلىك پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدا مەسچىتتە كۆرسەتكەن قىياپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆيدە، تاقاقلىق ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا ئۆز ئائىلىسىگە قىلغان مۇئامىلىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سىرتتا كىشىلەرگە پەرىشتىدەك پەزىلەتلىك كۆرۈنۈپ، ئۆيىگە كىرگەندە ئايالى ۋە بالىلىرىغا زالىمدەك مۇئامىلە قىلىدىغان ئەرلەر ھەرگىزمۇ ياخشى ئەرلەر قاتارىدىن سانالمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ناۋادا سىزنىڭ قىز پەرزەنتلىرىڭىز بولسا، ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىڭىزدەك ئاياڭ، ئىززەتلەپ بېشىڭىزدا كۆتۈرۈڭ ۋە ئۇلارغا قەلبىڭىزدىكى پۈتۈن سۆيگۈ-مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىڭ. قىزىڭىزنىڭ (ياكى قىزلىرىڭىزنىڭ) بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن كۆكسىڭىزگە قويۇڭ، ئۇلارنىڭ سىلىق چاچلىرىنى سۆيگۈ بىلەن سىلاپ بېرىڭ. بىلىپ قويۇڭكى، بۇ ئاددىيغىنا بىلىنىدىغان ھەرىكەت قىزلار ئۈچۈن دۇنيادىكى ھېچقانداق ماددىي بايلىققا تېگىشكىلى بولمايدىغان كاتتا سوۋغىدۇر؛ ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە تەڭداشسىز بەختەرلىك تۇيغۇسى، چوڭقۇر ھوزۇر ۋە مەڭگۈلۈك

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

سائادەت بېغىشلايدىغان سېھىرلىك كۈچتۇر.

ناۋادا سىز بىر قىزنىڭ ئاتىسى تۇرۇپمۇ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ بېشىنى كۆكسىڭىزگە قويۇپ سۆيۈپ باقمىغان، مېھرىڭىز بىلەن چاچلىرىنى سىلىمىغان بولسىڭىز، بۇنى دەرھال، مۇشۇ پەيتتىن باشلاپ قىلىڭ! ھەتتا قىزلىرىڭىز بويىغا يېتىپ تۇرمۇشقا چىقىپ كەتكەن، ئۆز ئالدىغا ئائىلە قۇرۇپ بىر قانچە پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ سۆيگۈنى ئۇلاردىن ئايىماڭ. چۈنكى، پەرزەنت دېگەن ئاتا-ئانا ھاياتلا ئىكەن، مەيلى قانچە ياشقا كىرسۇن، يەنىلا بالىدۇر. قىزلار گەرچە ئانا بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ سۆيگۈسىگە، مېھرىبانلىق بىلەن بىر قېتىملىق بېشىنى سىلىشىغا ھەممىدىن بەك موھتاجدۇر. بۇ دۇنيادا سىزنىڭ قىزلارغا بېرەلەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك ھەدىيەڭىز ۋە ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس ياخشىلىقىڭىز دەل ئۇلارغا تامامىي كۆيۈمچانلىقنى، شەرتسىز سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ۋە قەلبىڭىزدىكى چوڭقۇر مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىشتۇر.

ئەگەر سىز ھايات ۋاقتىڭىزدا بۇنداق قىلمىسىڭىز، مېھىر بېرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز، ۋاقىت ئۆتۈپ ھايات سەھنىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا چوقۇم چوڭقۇر ئارمان ۋە تۈگىمەس پۇشايمانلار ئىچىدە قالىسىز. شۇنى ئۇنتۇماڭكى، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلمىغان قەلب قۇرۇپ كەتكەن دەرەخكە ئوخشايدۇ، قىزلىرىڭىزغا مېھىر بېرىڭكى، ھاياتىڭىز گۈلگە تولسۇن!

# ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى: ئايالLارنى ھۆرمەتلەش

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ غول يىلتىزىغا نەزەر سالساق، ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ مۇقەددەس نىكاھىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن تۇنجى ئائىلە ئىدى. يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلار مانا مۇشۇ بىر جۈپ ئاتا-ئانىدىن كۆپىيىپ تارقالغان. ئىنسانلار ئائىلىلەرنى بەرپا قىلىش، ئۆزئارا قېرىنداشلىق ۋە قانداشلىق رىشتىلىرىنى ئورنىتىش، شۇنداقلا قەلبلىرىدە ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەتنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دۇنيادا ئىناقلىق ۋە ئىللىقلىقنىڭ مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقتى. دېمەككى، ئىناق ۋە تىنچ بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ بىرىنچى شەرتى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلغان ئىناق ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر. ھالبۇكى، ئىناق ئائىلە ئۆزلۈكىدىن قۇرۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ چىن ئەقىدىلىك، يۈكسەك ئەخلاقلىق ۋە بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئەر-ئايالLارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا موھتاجدۇر. ئائىلىدىكى بۇ خىل ئىناقلىقنىڭ ئۇلى ئايالLارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى ئاسراشتىن باشلىنىدۇ. ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل تەبىئىتى، شۇنداقلا ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئورتاق ئارزۇسىدۇر.

## ئائىلە بىناسى پەقەت مېھىر-مۇھەببەت تۈۋرۈكى بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئەڭ نازۈك سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «كۆڭۈللىرىڭلارنى ئارام تاپقۇزۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى ياراتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئاراڭلاردا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئورناتقانلىقى ئۇنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلى-

ـرىدىندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار»[1].

بۇ ھېكمەتلىك ئايەت، پەقەت پاك قەلبلىك ئەر-ئاياللارلا چوڭقۇر ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ روھىي بىرلىكى ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان مېھىر-مۇھەببەتنى، ئائىلە ئىللىقلىقىنى، خاتىرجەملىك ۋە ئىناقلىقنى ئەڭ يۈكسەك تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئىنسان ئۆز جۈپتىنىڭ يېنىدا تاپقان بۇ خىل ئارامبەخش تۇيغۇ ئادەمنىڭ روھىدىكى بارلىق ئىزتىراپ، ھايات تەشۋىشلىرى ۋە ۋەسۋەسىلەرنى يۇيۇپ تاشلايدىغان ئەڭ كۈچلۈك دورىدۇر. ئائىلە جەمئىيەت تېمىنىنىڭ ئاساسىي بولسا، ئايال شۇ ئائىلىنىڭ يۈرىكى ۋە ئەڭ مۇھىم تۈۋرۈكىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەمەس»[2] دەپ كەسكىن كۆرسەتكەن. ئەرنىڭ ئايالىنى بوزەك قىلىشى، ئۇرۇشى ۋە خارلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغانلىقى، ئۆز-ئۆزىنى خارلىغانلىقى بىلەن باراۋەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ قىلمىش گۇناھسىز پەرزەنتلەرنىڭ روھىنى ۋەيران قىلغانلىق، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى بوزەك قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاياللار پۈتۈن ئىنسانىيەتنى دۇنياغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ئانىلار ۋە ئەرلەرنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىدۇر. ئۆز جىسمىنىڭ بىر پارچىسىغا زىيان يەتكۈزگەن ئادەم ھەرگىزمۇ ئاقىل سانالمايدۇ.

## ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ــ يۈكسەك ئەخلاقنىڭ جەۋھىرىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ھۆرمەتلەشنى بىر ئەرنىڭ ئىنسانىي كامالىتى ۋە ياخشى-يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئادالەتلىك تارازا قىلىپ بېكىتىپ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر. مەن ئاراڭلاردا ئۆز ئەھلىگە ئەڭ

[1] رۇم سۈرىسى: 21-ئايەت.

[2] ئىمام نەسائىي رىۋايىتى.

ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان كىشىڭلارمەن»[1] دەپ جاكارلىغان.

دېمەك، بىر ئىنساننىڭ ھەقىقىي دىيانىتى، تەقۋادارلىقى ۋە ئەخلاقى ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدىكى كۆرۈنۈشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆيىنىڭ تاقاقلىق ئىشىكلىرى ئارقىسىدا ئائىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىر كىشى ئىبادەتلەرنى قانچىلىك مۇكەممەل ئادا قىلىپ كەتسۇن، كېچىلىرىنى ناماز، كۈندۈزلىرىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزسۇن، ئەگەر ئۇ ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنمەيدىكەن ۋە ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمايدىكەن، ئۇنداق كىشىنىڭ دىنى ۋە ئىمانى كەمتۈكتۇر. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىسلامدىكى ئەڭ ئېتىبارلىق ۋە ئەڭ ئاساسلىق ئىبادەت تۈرى بولۇپ، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ قەلبىدىكى تەقۋالىق نۇرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا ئاكتىپ بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئەخلاقىي ئىبادەتلەرگە[2] سەل قارايدىغان ياكى ئائىلىسىدە زالىمغا ئايلىنىدىغان ئادەم، ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ تۈپ مەقسىتى بولغان «ئەخلاقىي قۇرۇلۇش»نى ئورۇندىيالمىغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىر ئەرنىڭ ئايالىغا خۇش پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭ نازۇك قەلبىگە ئازار بەرمەسلىكى ۋە ئۆي ئىشلىرىدا كەمتەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشى ئەرلىك غۇرۇرنىڭ سۇنۇشى ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىي كامالەتنىڭ ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر.

## ئاياللارغا رەھىم-شەپقەت قىلىش ــ مۇقەددەس بۇرچتۇر

سۆيگۈ مەكتىپىنىڭ ئۇستازى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

[2] دىنىمىزدا ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، سىمۋوللۇق ئىبادەت، يەنە بىرى، مۇئامىلىۋى ئىبادەتتۇر. سىمۋوللۇق ئىبادەت ــ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرگە مەركەزلىشىدۇ. مۇئامىلىۋى ئىبادەت ــ دۇرۇسلۇق ۋە توغرىلىق دېگەنلىك بولۇپ، مۇئامىلە بىلەن ئەخلاققا مەركەزلىشىدۇ. ئەخلاق ۋە دۇرۇسلۇق دىنىمىزنىڭ غايىسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن »(ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى). يەنە «مۇئمىن ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ» دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

ئەڭ مېھىر-شەپقەتلىك، ئەڭ مۇلايىم زات ئىدى. ئۇ ئاياللىرىغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ئۆزلۈكىدىن ياردەملىشەتتى، قەلبىدىكى دەردلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايتتى. ھەتتا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ سەزگۈر ۋە چوڭ ئىشلاردىمۇ ئاياللىرى بىلەن كېڭىشەتتى ۋە ئۇلارنىڭ دانا پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلاتتى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاياللارغا شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساق بولۇشقا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر سەپەرگە چىققان چاغلىرىدا، ئاياللارنى تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئازادە مەپىلەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. يول بويى تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ۋە غەزەل ئېيتىپ تۆگىلەرنى تېزلەتكەن ياشلارغا قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولۇپ تاشقان مېھىر-مۇھەببەت بىلەن: «ئاستىراق ماڭغىن،

[1] مەككە ئازاد بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئاتلىنىپ، مەككە يېقىنىدىكى «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان ۋە مەككىگە كىرىشىگە يول قويمىغان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ بۇ يىل مەدىنىگە قايتىپ، كېلىدىغان يىلى ئۆمرىگە كېلىش، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق ئۇرۇش توختىتىش.... قاتارلىقلاردا ئىتتىپاقلاشقان. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلماستىن مەدىنىگە قايتىشى كېرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەككىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى شۇ يەردە بوغۇزلاشقا بۇيرىغاندا، مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرەلمىگەنلىكلىرىگە ھەسرەتلىنىپ، ماللىرىنى بوغۇزلاش ئەمرىنى دەرھال ئورۇندىماستىن تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ، پىكرىنى سورىغاندا، ھەزرىتى ئۇممە سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچكىمگە گەپ قىلماي ئاۋۋال ئۆزى قۇربانلىق مېلىنى بوغۇزلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى بوغۇزلاشقا كىرىشىدۇ، بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ھەممە ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى بوغۇزلاپ چىقىدۇ.

[2] ئىبنى ماجە ۋە دارمى رىۋايىتى

بۇ نازۇك شىشىلەرنى ئېھتىيات بىلەن، سىلىق ئېلىپ ماڭغىن!» [1] دەپ كۆرسەتمە بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارنى «نازۇك شىشىلەر»گە ئوخشىتىشىدا ئاجايىپ چوڭقۇر پەلسەپە يوشۇرۇنغان. ھەقىقەتەنمۇ، ئاياللارنىڭ قەلبى ۋە روھىيىتى نازۇكلۇقتا سىزۇك شىشىگە ئوخشايدۇ. ئاياللار يارىتىلىشتىنلا ھېسسىياتچان، كۆيۈمچان ۋە سېزىمچان بولغانلىقى ئۈچۈن، قوپاللىق ئالدىدا تېز رەنجىيدۇ، ئازغىنە مېھىر-شەپقەت ئالدىدا تېزلا خۇشاللىققا چۆمىدۇ. شىشە سۇنسا قايتا ئەسلىگە كەلمىگىنىدەك، ئايالنىڭ نازۇك قەلبىمۇ قاتتىق سۆز ۋە زوراۋانلىق بىلەن سۇنسا، ئۇنى قايتىدىن پۈتۈنلەش تەس. شۇڭا، ئۇلارغا سىلىق-سىپايە، مۇلايىم ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن باشقا يول يوقتۇر.

مېھىر-مۇھەببەت ئاياللارنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدىكى مەشھۇر ۋىدا خۇتبىسىدە ۋە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا ساھابىلىرىگە: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» [2] دەپ تەكرار-تەكرار ۋەسىيەت قالدۇرغان.

## قىزلارغا ۋە ئاياللارغا زۇلۇم قىلىش — ۋىجدانسىزلىقتۇر

جەمئىيىتىمىزدە تېخىچە مەۋجۇت بولۇۋاتقان؛ قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈش، ئۇلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى تەبىئىتىگە يات ۋە قۇربى يەتمەيدىغان ئېغىر ئىشلارغا مەجبۇرلاش، «قىز بالا ئوقۇپ نېمە بولاتتى» دېگەن نادانلىق سەپسەتىسى بىلەن ئۇلارنى ئىلىم-مەرىپەت نۇرىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۆگەي ئانىلارنىڭ رەزىل نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ ئۆز قىزلىرىنى ئېزىش، ھاقارەتلەش ياكى ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي كۆڭلىگە ئازار بېرىش قاتارلىق ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىلمىشلارنى سادىر قىلىدىغان ئاتىلار قەلبىدىن رەھىم-شەپقەت پۈتۈنلەي

[1] ئىمام بۇخارىي، مۇسلىم، ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

سۇغۇرۇپ ئېلىنغان ئەڭ بەختسىز ۋە نادان كىشىلەردۇر.

بۇنداق ئەرلەر سىرتتىن قارىماققا قانچىلىك تەقۋادار كۆرۈنمىسۇن، سەللىسى قانچە يوغان بولمىسۇن، ساقىلى قانچىلىك ئۇزۇن بولمىسۇن، ھەتتا جەمئىيەتتە مەشھۇر ئۆلىما، قارى-قۇرئان ياكى ھاجى-ھەرەم دەپ تەرىپلەنمىسۇن، بەرىبىر ئۇلارنىڭ قەلبىدە شەپقەت گۈلى ئېچىلمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ناتايىندۇر.

## قىزلارنىڭ پاك ھېسسىياتى بىلەن ئوينىشماڭ: زۇلۇم چوقۇم ياندۇ

قىزلارنىڭ سەبىي، سەممىي ۋە پاك ھېسسىياتىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ يالغاندىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان، ئۆيلىنىمەن دەپ ساختا ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى كۆز يېشى ۋە تۈگىمەس ھەسرەت دېڭىزىغا تاشلاپ قويىدىغانلارمۇ بار. بۇنداق ۋىجدانسىزلىقتا بىرلىگەن كىشىلەر ئالدى بىلەن شۇ قىزلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغقان ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئورنىدا قويۇپ باقسۇن! ئۆز ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئېپىپتى، نومۇسى ۋە كۆز يېشى ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ۋە قىزىل سىزىق بولسا، باشقىلارنىڭ قىزلىرىنىڭمۇ نومۇسى ۋە كۆز يېشى شۇنچىلىك قىممەتلىك ۋە دەخلىسىزدۇر. بىراۋنىڭ غۇرۇرىنى ۋە نومۇسىنى ئاياق ئاستى قىلىپ خېرىدارسىز قالدۇرۇش ئەمەلىيەتتە بىر جاننى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن تەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر.

ئەگەر كىمكى باشقا قىزلارنىڭ ساپلىقىنى ئويۇنچۇق قىلماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ ئاچا-سىڭلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسۇن. ئەگەر ئۆز قېرىندىشىنىڭ شۇنداق ئالدىنىپ بىر ئۆمۈر ھەسرەت-نادامەتتە ئۆتۈشىنى خالىمىسا، باشقىلارنىڭ قېرىنداشلىرىغىمۇ بۇنداق تىكەنلىك ئازابنى رەۋا كۆرمىسۇن! خەلقىمىزدە: «بۇ ئالەم ــ ئۆتنە ئالەم» دېگەن چوڭقۇر پەلسەپەلىك سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان. تارىخ ۋە رېئاللىقتىكى يۈزلىگەن تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتىكى، باشقىلارنىڭ يۈرىكىگە قانداق يارا سالغان بولسىڭىز، تەقدىر بىر كۈنى شۇ يارىنى ئۆز قەلبىڭىزگە،

پەرزەنتلىرىڭىزگە ياكى سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېقىنىڭىزغا قايتۇرىدۇ. بۇ مۇقەررەر ئىشتۇر.

ئەگەر ئۆيلىنىش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇش نىيىتىڭىز يوق تۇرۇپ، پەقەتلا ھەۋەس ئۈچۈن بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاشقا تىرىشماقچى بولسىڭىز، بۇ رەزىل نىيىتىڭىزدىن دەرھال يېنىڭ! بىر ئىنساننىڭ ساداقەت بىلەن كۆڭۈل بېرىپ، ئاخىرىدا ئۈمىدى بوشقا چىقىپ، مۇرادىغا يېتەلمەستىن يۈرىكى پۇچىلىنىشىنىڭ، تىرىك تۇرۇپ كۆيۈشىنىڭ قانچىلىك چىدىغۇسىز ئازاب ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. «پىچاقنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا سال» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى قەلبىڭىزنىڭ تۆرىگە ئويۇپ يېزىپ قويۇڭ.

خۇلاسە شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نازۇك شېشىلەر» دەپ ئەتىۋارلاپ سۈپەتلىگەن بۇ شېشىدەك نازۇك يۈرەكلەرنى ساختا مۇھەببەت ۋە خىيانەت پىچىقى بىلەن پارچىلاشتىن قورقۇڭ! ئۇ گۈزەل كۆڭۈللەرنى بىر ئۆمۈر ھەسرەت، نادامەت ۋە كۆز يېشىغا غەرق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ! زۇلۇمنىڭ ئۇرۇقى ھەرگىز قۇرۇپ كەتمەيدۇ، بۈگۈن سىز باشقىلارغا قىلغان خىيانەتنىڭ ئاچچىق مېۋىسىگە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىدىن ياكى كېيىنچە دۇنياغا كېلىدىغان ئۆز قىزلىرىڭىزدىن بىرىنىڭ گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇڭ! چۈنكى، ئىلاھىي ئادالەت ھەرگىز ئادىشىپ قالمايدۇ.

# ئايالىلار ئايالسۇن!

بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىدىن: «ئوغلىڭىزنىڭ تويى كۈنىدە ئۇنىڭغا قانداق نەسىھەت قىلدىڭىز؟» دەپ سورالغىنىدا، ئۇ كىشى ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك جاۋابنى بەرگەن ئىكەن:

«ئوغلۇم! بۈگۈن سېنىڭ نىكاھىڭغا كىرىۋاتقان بۇ قىز مېھرىبان ئاتىسىنى، جېنىدىن ئەزىز ئانىسىنى، ئۆزىگە يۆلەك بولغان ئاكا-ئۇكىلىرىنى ۋە سىرداش ئاچا-سىڭىللىرىنى تاشلاپ ساڭا كېتىپ بارىدۇ. شۇڭا سەن ئايالىڭ ئۈچۈن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بول! يەنى ئۇلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئايالىڭغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا، ھەم قېرىنداش بولۇشۇڭ كېرەك!».

شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماڭكى، بۈگۈن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە ئاددىي ۋە ئەتىۋارسىز كۆرۈنۈۋاتقان، ئۆيىڭىزدە خىزمەتچىدەك مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقان بۇ ئايال ئۆز ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆز قارىچۇقى، ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركىسى ۋە ھويلىسىنىڭ نازۇك مەلىكىسى ئىدى. ئۇ پەقەت سىزگە ئىشىنىپ، سىز بىلەن بىر ئۆمۈر ھايات كېمىسىدە تەڭ سەپەر قىلىشنى تالлап سىزگە كەلگەن. شۇڭا ئۇنى قەدىرلەڭ، ئىززىتىنى قىلىڭ، سۇنۇق كۆڭلىنى ئىزدەپ تېپىڭ، ئۇنىڭ لەرزان ھېس-تۇيغۇلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىڭ. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ، قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ. چۈنكى، ئايالىڭىزمۇ خۇددى ئانىڭىز ۋە ئاچا-سىڭىللىرىڭىزدەك سۆيۈلۈشكە، كۆيۈنۈشكە، ئايلىنىشقا ۋە قەدىرلىنىشكە پۈتۈنلەي ھەقلىقتۇر.

سىز ئۇنى «ئۆمۈرلۈك جۈپتۈم قىلىپ ئالدىم» دەپ ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كالامىنى شېپى كەلتۈرۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئەل-جامائەتنىڭ شاھىتلىقى

ئاستىدا مەيدىڭىزگە مۇشتلاپ تۇرۇپ ئەمرىڭىزگە ئالغان ئىكەنسىز، ئۇنىڭغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق غەمخورلۇق قىلىڭ. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماڭ، باشقىلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىغىمۇ قەتئىي يول قويماڭ. بىلىپ قويۇڭكى، ئاياللار غەم-قايغۇسىنى خىلۋەتتە، ياستۇقلىرىنى ھۆل قىلىپ يىغلاپ چىقىرىدىغان، ئائىلىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن ئۆزىنى شامدەك كۆيدۈرۈپ قۇربان قىلىدىغان پىداكار زاتلاردۇر. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، سۆيگۈسى، سەۋر-تاقىتى ۋە ۋاپادارلىقى كۆپىنچە ئەرلەرنىڭكىدىن قاتمۇ-قات كۈچلۈك بولغان ئۇلۇغ تائىپىدۇر.

## ئاياللار نېمە ئۈچۈن «جىق گەپ» قىلىدۇ؟

بىز دائىم «ئاياللار بەك كۆپ سۆزلەيدۇ، جىق گەپ قىلىدۇ» دەپ ئاغرىنىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ كۆپ سۆزلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ تىڭشالمىغانلىقى، يۈرەك سۆزلىرىنىڭ ئېتىبارسىز قالغانلىقى، ئېرى تەرىپىدىن مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سورالمىغانلىقى ۋە ھېسسىياتىغا سەل قارالغانلىقى ئۈچۈندۇر. تىڭشالمىغان دەردلەر، ھەل قىلىنمىغان چىگىشلەر، ئېتىبار بېرىلمىگەن ھېس-تۇيغۇلار كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلبكە يىغىلىپ، يېڭى تويى قىلغاندىكى ئاشۇ نازىنىن، مۇلايىم ۋە قىزغىن ئايالنى كېيىنچە سوغۇق مۇئامىلىلىك، چېچىلغاق، روھىي چۈشكۈن، ھەتتا نېرۋا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بىر بىچارىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

خەلقىمىزدە: «قىز بالىنىڭ ھەممىسى ياخشى، ئەمما ئەسكى خوتۇن نەدىن كەلدى؟!» دېگەن بىر سوئال بار. جاۋابى شۇكى، ئۇلارنى ئاشۇنداق «ئەسكى» قىلىپ قويغان نەرسە دەل ئەرلەرنىڭ ئەسكىلىكى، قوپاللىقى ۋە مېھىرسىزلىكىدۇر. ئايالىغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئۇنىڭ نازۇك كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان، دائىم ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ تۇرىۋالىدىغان، ئايالىنىڭ ئورۇنلۇق پىكرىنىمۇ قىلچە ئېتىبارغا ئالمايدىغان، ئۆيىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئايالىغىلا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى جاپادىن قاچىدىغان ۋە ئايالىنىڭ ئەجرىنى كۆرمەسكە سېلىپ «خۇپسەن ۋە گاس» بولۇۋالىدىغان

قاتمال، قوپال ئەر ھەرگىزمۇ ياخشى ئەر ئەمەس. بۇنداق بىر ئېرى بولغان ئايالنىڭ ھاياتى ناھايىتى تەس ۋە پاجىئەلىك بولىدۇ.

بۇنداق شارائىتتا قالغان ئايال پەقەت بالىلىرى ئۈچۈنلا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ، بارلىق پىداكارلىقنى ۋە بەدەلنى پەقەت پەرزەنتلىرى ئۈچۈنلا تۆلەيدۇ. سىزنىڭ ئەرلىك ئوبرازىڭىز بولسا ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاستا-ئاستا پارچىلىنىپ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى سىزدىن پۈتۈنلەي سوۋۇيدۇ، بارا-بارا ئۇ سىزگە ئاچچىقلانمايدىغان، پىكىر بىرىشتىنمۇ ۋاز كېچىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئۆز ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىچىگە باستۇرۇپ، قەلب ئىشىكىنى سىزگە مەڭگۈلۈك تاقايدۇ. ئاخىرىدا ئۇ كەلسىڭىز-كەتسىڭىز سورۇشتە قىلمايدىغان، سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇلاپ كەتمەيدىغان، كەمسۆز، روھى چۈشكۈن ۋە ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىر ئايال ئۆزىنىڭ راھىتىنى، ئارامىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ۋە چېچەكتەك ياشلىق باھارىنى ئائىلىسى ئۈچۈن شەرتسىز قۇربان قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقى سۈيىئىستېمال قىلىنسا، زەررىچىلىكمۇ مىننەتدارلىققا ۋە ئېتىراپقا ئېرىشەلمىسە، بۇ ئايال دەردىنى باشقىلارغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۈنسىز يىغلايدۇ. دۇنيادا شۇنداق قەيسەر ئانىلار باركى، ئېرىدىن كۆرگەن دەرد-ئەلەملىرىنى، پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى ھېچكىمگە سەزدۇرمەي قاراڭغۇ كېچىلەردە خۇپىيانە يىغلايدۇ، ھەتتا يۈرەك-باغرى ئېزىلىپ قان يىغلايدۇ.

بۇ دۇنيادا ئەڭ ئوڭاي، قانۇننىڭ كۆزى كۆرمەي قالىدىغان، سوت مەھكىمىلىرىدە دەلىل قىلىپ كۆرسەتكىلى بولمايدىغان ئەڭ يوشۇرۇن زۇلۇم ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇمدۇر. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ئاللاھ تائالا مەزلۇمنىڭ كۆز يېشىغا سەۋەبچى بولغان بۇنداق زۇلۇمنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە قالدۇرمايدۇ، مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىدۇ.

## ياخشى ئايال ــ بىر بۈيۈك مەكتەپتۇر

ياخشى ۋە پەزىلەتلىك ئايال پەقەت ئائىلىنىڭ چىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئېرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى كامالەت پەللىسىگە يەتكۈزىدىغان بۈيۈك بىر مەكتەپتۇر. ياخشى ئەر دەل شۇ مۇنەۋۋەر ئايالنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن دۇنياغا

ۋە غەلىبىگە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ؛ پەرزەنتلەر شۇ قۇتلۇق مەكتەپنىڭ تەربىيەسى ئارقىلىق يۈكسەك چوققىلارغا ئۆرلەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر سىز ھاياتنا ھەقىقىي سۆيۈلۈشنى خالىسىڭىز، ئالدى بىلەن ئايالىڭىزنى چىن قەلبىڭىزدىن سۆيۈڭ. ئايال شۇنداق بىر سېھىرلىك مەۋجۇداتكى، ئۇنىڭغا سۆيگۈ بەرسىڭىز، ئۇ سىزگە ھەممىنى بېرىدۇ، سىزنى يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

ئۆز ئايالىنى سۆيۈشنى بىلمىگەن ۋە بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان كىشى، ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل سىرلىرىدىن ۋە ھاياتنىڭ ھەقىقىي لەززىتىدىن بىخەۋەر ئۆتكەن بولىدۇ. ئايالنىڭ كىچىككىنە، ئۇششاق نۇقسانلىرىنى كەچۈرۈم قىلالمىغان ئەر ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۈيۈك پەزىلەتلىرىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولالمايدۇ.

بىر ئەرنىڭ ئىنسانىي ساپاسى، تەقۋادارلىقى ۋە ئەخلاقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىدا، ئايالىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدە تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئالدىدا تەكىتلىگەندەك، ئەرنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان يەر مەسچىت ئەمەس، بەلكى ئۆيدۇر. تالادا پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ، ئۆيىگە كىرگەندە زالىمغا ئايلىنىدىغان ئەرلەر ھەرگىزمۇ ياخشى ئەرلەر قاتارىدىن سانالمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر»[1] دەپ جاكارلىغان.

ياخشى ئايال ئېرىنىڭ تىرناقچىلىك كىچىك بىر ياخشىلىقىنىمۇ تاغدەك يوغان كۆرۈپ مىننەتدار بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى، ئائىلە سىرلىرىنى ياتلاردىن يوشۇرىدۇ ۋە ئائىلىنىڭ پەردىشىپىنى ھەرقانداق مۇشەققەتلىك ھالەتتىمۇ چىڭ ساقلايدۇ. ئەگەر ئايال ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەدىرلەنگەنلىكىنى ۋە ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسا، ئۇ ئېرىنى تېخىمۇ بەكرەك ئەتىۋارلايدۇ ۋە بېشىغا تاج قىلىدۇ. ئەر-ئايال ھەر كۈنى ئەينەككە قاراپ ھۆسنىنى تۈزىگەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپ

---

[1] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

قەلبىدىكى «ئوبرازى»غا قاراشنى ئادەتلەندۈرسە، قارشى تەرەپكە ھەر كۈنى ھەيرانلىق ۋە يېڭى-يېڭى گۈزەل ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ كېلەلىسە، مۇھەببەتنى قېرىپ ئۆلگەنگە قەدەر خۇددى باھاردىكىدەك تازا پېتى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

## ئايالنى قانداق سۆيۈش كېرەك؟

بىز ئايالىمىزنى شۇنداق سۆيۈشىمىز كېرەككى: ئۇ خۇشال بولسا تەڭ خۇشال بولىمىز، غەمكىن بولسا سەمىمىيلىك بىلەن تەسەللىي بېرىمىز ۋە كۆڭلىنى كۆتۈرىمىز. ئۇنى تېخىمۇ بەختلىك ۋە خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ قىلىمىز. ھەر يەردە، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالدىدا، ھەتتا ئۆز ئائىلە-قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنى تولۇق ھىمايە قىلىمىز ۋە قوغدايمىز. ھەممە يەردە، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا ھۆرمىتىنى زىيادىسى بىلەن قىلىمىز. ئائىلىمىزنى بارلىق خىزمەت ۋە دۇنياۋى ئىشلاردىن مۇھىم ئورۇنغا قويىمىز، ئائىلە ئەزالىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن كۆڭۈل بۆلىمىز، ئۇلارغا چەكسىز ھۇزۇر ۋە بەختەرلىك ھېس قىلدۇرىمىز. ھەممىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز، ئايالىمىزنىڭ مۇرەككەپ كەيپىياتلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز، ھەر دائىم ئىلھاملاندۇرىمىز. سۆيۈنگىنىمىزنى، ئىچكى ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى ئۇنىڭدىن يوشۇرماي ئوچۇق ئىپادىلەيمىز، ھەر ئىشتا ئۇنىڭ پىكرىنى ئالىمىز، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىشىدە ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ مەدەتكار ۋە ھەمدەم بولىمىز، ئۇنىڭ شەخسىي قىزىقىشلىرىغا ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىمىز.

ئائىلىنىڭ بەخت-سائادىتى مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن، مېھىر-مۇھەببەت ھەر زامان ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىنىشى ۋە قارشى تەرەپكە ھېس قىلدۇرۇلۇشى لازىم. ئىپادىلەنمىگەن، تىلغا ئېلىنمىغان ۋە ھېس قىلدۇرۇلمىغان مۇھەببەت خۇددى قاپقىقى ئېچىلمىغان ئەتىر شىېشىسىگە ئوخشايدۇ. ئېچىلمىغان، ئىشلىتىلمىگەن ئەتىرنىڭ خۇش پۇرىقىدىن كىمگىمۇ پايدا بولسۇن؟! بىزنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئۈلگىمىز ۋە يولباشچىمىز بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر سىلەر بىراۋنى ياخشى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى ئۇچۇق بىلدۈرۈپ قويۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بىراۋنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۇنى سۆز بىلەن بىۋاسىتە ئېيتىشتۇر. ئىنسان مال-دۇنيادا قانچىلىك بېخىل بولۇپ كەتسىمۇ، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆيگۈسىنى ئىپادىلەشتە، قەلبىنى ئېچىشتا ھەرگىزمۇ بېخىللىق قىلماسلىقى لازىم.

## ئۇنى يىغلاتماڭ!

شۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇماڭكى، بىر ئىنساننىڭ كۆز يېشىغا سەۋەبچى بولغانلىق ئۇنىڭغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكتۇر. زۇلۇمنىڭمۇ جازاسى بار، شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ سەۋر-تاقىتىنىڭمۇ مەلۇم بىر چېكى بار. ئايالىڭىزنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ چېكىگە يەتكەندە، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ بىلەن تۇتۇپ قالالمايسىز. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ پۇلغا سېتىۋالغان قۇلىڭىز ئەمەس، سىزمۇ دۇنيادا تېپىلماس، ئورنىنى باسقۇسىز بىر مەۋجۇدات ئەمەس.

«مەن قانچىلىك زۇلۇم قىلساممۇ ئايالىم بەربىر كۆتۈرىدىغۇ، مېنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغۇ» دەپ نادانلىق بىلەن ئويلاپ قالماڭ. سىزنىڭ خاتالىقلىرىڭىزنى تەكرار-تەكرار كەچۈرگەن، سىزگە بولغان تەلىپىنى ۋە ئارزۇسىنى تەكرار-تەكرار تۆۋەنلىتىپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ سەۋر قىلغان، سىزگە ۋە ئائىلىسىگە يەنە قايتا-قايتا پۇرسەت بەرگەن ئايال ۋاقتى كېلىپ سەۋر رىشتىسى ئۈزۈلگەندە پۈتۈنلەي كۆتۈرمەس بولۇپ قالىدۇ.

فىزىكىلىق قانۇنىيەتتە «قاچىنى تاشۇرىدىغىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۇ» بولغىنىدەك، روھىيەتتە ئۇ ئايالنىڭ سەۋر «قاچىسى» يىللار داۋامىدىكى ئازابلار بىلەن ئاللىبۇرۇن توشۇپ قالغان، كۆڭلى بولسا سىزدىن ئاللىقاچان مۇزدەك سوۇۇپ بولغان بولىدۇ. ئايال ئادەتتە بىر قارارغا كېلىشكە ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇ ئارقىسىغا قەتئىي قارىمايدىغان، كۆڭلى تاشقا

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئايلانغان ھالغا كەلمىگۈچە سىزدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ بىر كەتسە، ئۇ چاغدا سىز كۆز يېشىڭىزنى ۋە پۇشايمىنىڭىزنى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالىسىز.

شۇڭا، پۇرسەت قولدىن پۈتۈنلەي كېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنى دەرھال تۈزىتىۋېلىڭ. ئارىڭىزدىكى مېھىر-مۇھەببەت دەرىخىنىڭ يىلتىزى قۇرۇپ كەتمەستىن بۇرۇن ئۇنى يېڭىدىن سۇغىرىپ پەرۋىش قىلىڭ. ئايالىڭىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى بىباھا قىممىتىنى بىلىڭ. قولىڭىزدىكى تېلېفوندىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە مېھىر بىلەن تىكىلىپ قاراشقا، يۈرەك سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاشقا، ئۇلار بىلەن بىللە كۇلۇشۇپ چاقچاقلىشىشقا بىر باھانە تېپىڭ. ئۇلار ئۈچۈن كىچىككىنە بولسىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىڭ. مېھىر بىلەن ئەجىر قىلىڭكى، سىز ئەجىر قىلىپ سۇغارغان ئاشۇ گۈللەر دەل سىز ئۈچۈن ئېچىلىپ، سىزگە ھاياتىڭ ئەڭ گۈزەل خۇش پۇراقلىرىنى چېچىپ بەرسۇن. ئەگەر خىزمەت سەۋەبىدىن ھەقىقەتەنمۇ ۋاقتىڭىز ئاز بولسا، شۇ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدىكى ھەمراھلىقىنىڭ سۈپىتىنى ۋە مۇھەببەتىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن دەرھال ئويغىنىڭ، ئالقىنىڭىزدىكى بۇ ئۇلۇغ نېمەتنىڭ قەدرىنى ۋاقتىدا بىلىڭ!

## بېغىشلاش ــ مەڭگۈلۈك خۇشاللىقنىڭ كاپالىتىدۇر

تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، سىز يەرگە ئۇرۇق تېرىماي تۇرۇپ ھوسۇل ئېلىشنى، دەرەخنى ئەجىر بىلەن پەرۋىش قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ تاتلىق مېۋىسىنى يېيىشنى ھەرگىز ئويلىماڭ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئائىلىدىمۇ سۆيگۈ ۋە قۇربان بېرىش بىلەن بېغىشلاشنى ئالدى بىلەن سىز باشلاڭ. چۈنكى، ئەر سۆيگۈ يولىدا بىر قەدەم ئالسا، ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن ئون قەدەم ئىلگىرىلەيدۇ.

«ئايالىم ئۇنداق، ئايالىم مۇنداق، مېنى چۈشەنمەيدۇ» دەپ باشقىلارغا قاقشاشتىن بۇرۇن، يۈرىكىڭىزگە قولىڭىزنى قويۇپ: «ئۇنى بۇنداق سوغۇق

ۋە قاتمال ھالغا كەلتۈرگەن كىم؟ ئۆزۈم ئايالىمغا ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن قانچىلىك مېھىر-شەپقەت بېرەلىدىم؟ ئۇنىڭغا بېرىدىغان بۇغداي نېنىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، كۆڭلىنى ئالىدىغان تاتلىق ‹بۇغداي سۆزۈم› بولدىمۇ؟» دەپ مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدىن ئىزدەپ بېقىڭ.

پەلسەپىدە ئېيتىلغىنىدەك: ئايال تاغنىڭ ئەكس ساداسىغا ئوخشايدۇ. سىز تاغقا نېمە دەپ ۋارقىرىسىڭىز، تاغدىن سىزگە شۇ سادا قايتىدۇ. ئەگەر سىز قازانغا تاش تاشلاپ قايناتقان بولسىڭىز، چۆمۈچىڭىزگە ئاش ئەمەس، تاش چىقىدۇ.

بىر ئويلاپ بېقىڭ، مۇشۇ قىسقىغىنا ھاياتىڭىزدا، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە سىزگە چىن ۋەپادارلىق بىلەن ھەمراھ بولالايدىغان، دەردىڭىزگە دەرمان بولىدىغان قانچە كىشى بار؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ قوپاللىقى بىلەن ئازابلىيالايدىغان، كۆڭلىنى ئاغرىتالايدىغان كىشىلەر يەنە شۇ سىز ئۈچۈن پۈتۈن بارلىقىنى ئاتاپ پىداكارلىق قىلغۇاتقان، سىزنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ بىچارە كىشىلەر ئەمەسمۇ؟

شۇ ھەقىقەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇماڭكى، ھەربىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەرنىڭ ھايات ھېكايىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پارلاق سەھىپىلىرى پەردە ئارقىسىدا ئۇنىسىز پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان، كۆز يېشىنى قەلبىگە يۇتۇپ، ئېرىنى تۇرماي يۆلەۋاتقان بىر ئۇلۇغ ئايالنىڭ سەۋر-تاقىتى، مېھىر-مۇھەببىتى ۋە چەكسىز قۇربانلىقى بىلەن يېزىلىدۇ.

## ئايال ــ ئۆي ئىچىنىڭ ۋە ئەۋلادلارنىڭ مەسئۇلىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە يەكۈنلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھەممىڭلار پادىچىغا ئوخشاشسىلەر ۋە ھەممىڭلار ئۆز قول ئاستىڭلاردىكىلەردىن مەسئۇلسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر). دۆلەت رەھبىرى خەلقىگە مەسئۇلدۇر، ئەر ئۆز ئائىلىسى ۋە ئۆي ئىچىدىكىلەرگە مەسئۇلدۇر، ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۆيدىكىلەرنى پەرۋىش قىلىشقا

مەسئۇلدۇر، خىزمەتچى ئۆز خوجايىنىنىڭ مېلىغا مەسئۇلدۇر. بىلىڭلاركى، ھەممىڭلار پادىچىغا ئوخشاشسىلەر ۋە ھەممىڭلار قول ئاستىڭلاردىكىلەردىن جاۋابكارسىلەر!»[1].

بۇ ھېكمەتلىك كۆرسەتمىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەرنىڭ سىرتتا تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، ئائىلىسىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە ئۇلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتى قانچىلىك ئېغىر بولسا، ئايالنىڭمۇ ئۆيىنى رەتلىك، ئازادە تۇتۇش، ئائىلە ئىچىدىكى مەنىۋى مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ئۆي ئىچىدىكىلەرنى مۇھەببەت بىلەن پەرۋىش قىلىش مەسئۇلىيىتى شۇنچىلىك شەرەپلىك ۋە مۇھىمدۇر.

گەرچە پەرزەنت تەربىيەسىدە ئەر-ئايال ئىككىلىسىنىڭ ئورتاق ۋە ئايرىلماس مەسئۇلىيىتى بولسىمۇ، ئەمما پەرزەنتلەرنىڭ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ مۇھىم باسقۇچلىرى كۆپرەك ئانىسىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا ۋە يېتەكچىلىكىدە ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ روھىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئىسلامىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئاڭ بىلەن سۇغىرىلىپ تاكامۇللىشىپ چىقىشىدا ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر ۋە تۆھپىسى چەكسىز چوڭدۇر. چۈنكى، پەيلاسوپلار ئېيتقاندەك: «ئانا ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مەكتىپى، تۇنجى ئۇستازى ۋە كەلگۈسى دۇنيانىڭ قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىدۇر». بىر ياخشى ئانا بىر ساغلام مىللەتنى، بىر ساغلام مىللەت پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى: مەرىپەت نۇرى ۋە ھاياتلىق ۋەزىپىسى

## ئاياللارنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئېلىشى — تەبىئىي زۆرۈرىيەتتۇر

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى تەرغىب قىلغان ۋە چاقىرغان ئىلىم-مەرىپەت يولى ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر جىنسقا خاس قىلىنمىغان، بەلكى ئەر-ئايال ھەر ئىككى جىنسقا ئورتاق ۋە باراۋەر بېرىلگەن ئىلاھىي ھوقۇقتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئوقۇش- ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر»[1] دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

بۇ سۆزدىكى بۇيرۇق شەكلى ۋە مەجبۇرىيەت ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئوخشاشلا قارىتىلغان. پارلاق ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ھوقۇقىدىن ھېچقاچان چەكلەنمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئىلىم مەجلىسلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن، تارىخنىڭ بۇرۇلۇشلىرىدا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان غەرەزلىك كۈچلەر، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بۇ نۇرلۇق دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ كەلدى. «ئىسلام دىنى ئاياللارنى كەمسىتىدۇ، ئۇلارنى ئۆيگە قامايدۇ ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ» دېگەندەك ئاساسسىز ۋە زەھەرلىك دەۋالارمۇ دەل ئاشۇ قارا چاپلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەپسۇسكى، ئۆز دىنىنىڭ ساپ مەنبەسىنى ۋە ئالىيجاناب ماھىيىتىنى ياخشى چۈشەنمىگەن بەزى مۇسۇلمانلار بۇنداق توقۇلما يالغانلارغا ئىشىنىپ، ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا بۇ خاتالىققا

---

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

شېرىك بولۇپ قالماقتا. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى بىزنىڭ ئۆز ئېتىقادىمىزنىڭ ھەقىقىتىدىن ۋە پارلاق تارىخىمىزدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر كۈنى ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەرلەر ھەر كۈنى سىزنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىڭىزغا ھازىر بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق مەسىلىلەرنى ئۆگىنىدۇ. بىزلەرگىمۇ مەخسۇس بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسىڭىز، شۇ كۈندە ئاللاھ سىزگە بىلدۈرگەن ئىلىملەرنى بىزلەرگىمۇ ئۆگەتسىڭىز». بۇ تەلەپكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپ: «پالانى كۈنى، پالانى يەردە توپلىشىڭلار» دەپ ۋاقىت ۋە ئورۇن بەلگىلەپ بەرگەن ھەمدە شۇ كۈنلەردە ئاياللارغا مەخسۇس تەلىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى مەرىپەت بىلەن سۇغارغان[1].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى ــ مەرىپەت ئۈلگىلىرىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى ئىچىدىن قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىغان، مىڭلىغان ھەدىسلەرنى زېھنىگە نەقىش قىلغان، شېئىر-نەسىر قاتارلىق ئەدەبىيات ساھەسىدە قەلەم تەۋرەتكەن ۋە تارىخ پۈتكەن ئاياللار ناھايىتى كۆپ چىققان. ھەتتا شۇنداق بىر دەۋرلەر بولغانكى، مەشھۇر ساھابىلەر ۋە بۈيۈك ئىسلام ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە سوراپ ئۆگىنەلمىگەن نازۇك مەسىلىلەرنى، يەنى ئائىلە ئىچىدىكى سىرلىق بىلىملەرنى، ئاياللارغا قىلىنىدىغان گۈزەل مۇئامىلە قائىدىلىرىنى ۋە ئاياللارغا خاس بولغان فىقھىي ھۆكۈملەرنى دەل شۇ مۇنەۋۋەر ئاياللاردىن سوراپ ئۆگەنگەن.

مەسىلەن، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە 2210 ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ھەدىس يادلىغۇچى ئەمەس، بەلكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن چوڭقۇر ھۆكۈم چىقىرالايدىغان كاتتا مۇجتەھىد ئىدى. ئۇ ياش ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ئۆزىدىن چوڭ نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ مۇرەككەپ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەرىپەت ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇراتتى. شۇنىڭدەك، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خەت يېزىش ۋە ئوقۇشتا ئالاھىدە ماھىر بولۇپلا قالماي، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرىدىن ھېسابلىناتتى.

تارىخي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئايال ساھابىلەرنىڭ سانى 700 دىن ئاشىدۇ. كېيىنكى ئەسىرلەردىمۇ بۈيۈك ئالىملار خېلى كۆپ ئايال ئۆلىمالاردىن ئىلىم ئالغان. مەسىلەن: مەشھۇر تارىخچى ۋە ھەدىسشۇناس ئالىم ئىبنى ئەساكىر ئىراق ۋە سۈرىيە ئەتراپىدا مەخسۇس سەپەر قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئايال ئۇستازدىن ھەدىس ئۆگەنگەن ۋە رىۋايەت قىلغان. مىسىر، شام، ئىراق، يەمەن، ماراكەش، ھەبەشىستان ۋە ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) قاتارلىق ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە، تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، تەپسىر ۋە ھەدىس قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىدە چاقنىغان نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك مەشھۇر ئايال ئالىملار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان.

## بىلىمسىزلىك كىشەنلىرى ۋە مىللەتنىڭ چېكىنىشى

بىز مۇسۇلمانلار مىلادىيە 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، توغرا ئېتىقادتىن يىراقلىشىپ، ھەر خىل قالاق پىكىرلەرگە ۋە خۇراپىي ئېقىملارغا ئەگىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىشنى پەرز قىلغان ۋە مەنپەئەتلىك ھەرقانداق ئىلىمگە تەشەببۇس قىلغان ھاياتىي كۆچكە تولغان روھىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. نەتىجىدە، ھاكىمىيىتى ئۈچ قىتئەگە يەتكەن ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان پارلاق دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. جەمئىيەتتە تەركىدۇنيالىق، رىئاللىقتىن قېچىش، مەنىسىز ۋە چەكتىن ئاشقان شۇكۇرۋازلىق، ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش قىلمىشىنىڭ ئورنىغا زۇرۇر بولمىغان كىچىك تالاش-تارتىشلارنى ئەۋزەل كۆرۈش قاتارلىق

روھىي كېسەللىكلەر قانات يايدى.

بۇ خۇنۇك كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە، بەزى قالاق چۈشەنچىدىكى كىشىلەر ئىسلامنىڭ ئەسلىدە تەرەققىيپەرۋەر، مەدەنىيەتلىك، پاكىز ۋە دۇنياۋى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن قىلىپ بېكىتكەن ئىلغار دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار ھەر خىل ئاساسسىز پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، دىننى ھاياتلىق مەنبەسىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، ئۇلار مىللەتنىڭ روھىي ئاساسىنى يارىتىدىغان ئانىلارنى (يەنى قىز- ئاياللارنى) مەسچىتلەردىن، ئىجابىي ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن ۋە ئىلىم مەجلىسلىرىدىن سىقىپ چىقاردى. قىزلارنى بىلىم ئېلىشتىن توستى، ھەتتا ئاۋام ئارىسىدا «قىزلار كۆپ ئوقۇسا تەلەيسىز بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان ئىنتايىن زەھەرلىك ۋە قالاق چۈشەنچىلەرنى سىڭدۈردى.

ئۇلار ئۆزلىرى بىلىمسىز ۋە نادان قالغاننى ئاز دەپ، پۈتۈن بىر مىللەت ئانىلىرىنىڭ نادانلىق قاراڭغۇلۇقىدا قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا رەھىمسىز مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ قارا كۆلەڭگىسى بار.

شۇنى بىلىش كېرەككى، بىلىمسىز ئانىنىڭ بۆشۈكىدىن دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىنى چۈشەنمەيدىغان، مىللىي ۋە دىنىي قىممەت قاراشلاردىن يىراق، ئۆز كىملىكىنى قاربالايدىغان غايىسىز بىر ئەۋلاد ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا، ئۆز يىلتىزىدىن ۋە مىللىي ئەخلاقىدىن سۇ ئىچەلمىگەن بۇ بىچارە ئەۋلادلار مەنىۋى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپانىڭ ياكى باشقا يات مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنى دوراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## ئانىلارنىڭ مەرىپەتلىك بولۇشى ــ مىللەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ كاپالىتىدۇر

پەلسەپەۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشىدىن نەچچە ھەسسە زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئائىلە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتنىڭ تۇنجى مەكتىپىدۇر. بۇ مەكتەپتە ئاتىدىن كۆرە ئانىنىڭ رولى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. بوۋاقنىڭ تۇنجى كۆرگەن دۇنياسى ئانىسىنىڭ يۈزى، تۇنجى ئاڭلىغان كۈيى ئانىسىنىڭ ئاۋازىدۇر.

بالىلار ئەقلىنى تاپقۇچە بولغان ئەڭ مۇھىم مەزگىلدە كۆپرەك ئانىسى بىلەن بىللە بولىدۇ ۋە كۆپىنچە نەرسىلەرنى ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن قوبۇل قىلىدۇ.

بالا كېيىنچە رەسمىي جەمئىيەت مەكتىپىگە بېرىپ، ئائىلىدە قوبۇل قىلغان ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ھەر خىل يات پىكىرلەرگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئانىسى ئۇنىڭ قەلبىگە توغرا ئەقىدە ۋە توغرا پىكىرنىڭ ئۇرۇقىنى تىكەلىگەن بولسا، سىرتتىكى قايمۇقتۇرۇشلار ئۇنى ئاسانلىقچە ئازدۇرالمايدۇ. چۈنكى بالىنىڭ سەبىي قەلبى خۇددى داغ تەگمىگەن ئاپئاق قەغەزگە ئوخشاش ساپ بولۇپ، ئانا ئۇ قەغەزگە نېمىنى يازسا، شۇ نەرسە ئۆمۈرلۈك ئىز قالدۇرىدۇ. مانا بۇ، دۇنيادىكى بارلىق مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئۆزگەرمەس يەكۈندۇر.

## ئاياللارنىڭ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسى — ئانىلىقتۇر

ئايالنىڭ كائىناتتىكى ۋەزىپىسىگە چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس، شەرەپلىك ۋە مەسئۇلىيەتلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئىنسان نەسلىنىڭ يەر شارىدا ئۇزۇلۇپ قالماي داۋاملىشىشى پەقەتلا ئانىلارنىڭ قۇربان بېرىشى ۋە مېھرىبانلىقىغا باغلانغاندۇر. بىيولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە، ئاياللار تەبىئىتىدىنلا ئانىلىق مېھرىگە ۋە بالا تەربىيەلەش قابىلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان. ئاياللار ئۆتەيدىغان بۇ ئانىلىق ۋەزىپىسىنى دۇنيادىكى ھېچقانداق ئەر ئۆتەپ بېرەلمەيدۇ. ھەتتا پۈتۈن ئەرلەر بىرلىشىپ كۈچ چىقارسىمۇ، بىر ئانىنىڭ بالىسىغا بەرگەن روھىي ئوزۇقىنى بېرەلمەيدۇ.

ئانىنىڭ پەرزەنتىنى يېنىدىن ئايرىماي، ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى ئانا-بالا ئىككىلىسى ئۈچۈن تەبىئىي ئېھتىياج ۋە ساغلاملىقنىڭ كاپالىتىدۇر. ئانا ھەر دائىم ئۆز يۈرەك پارىسىنى باغرىغا بېسىش، چاچلىرىنى سىلاش، تىنىقىدىن ھۇزۇرلىنىش ئارقىلىق ئانىلىقنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ، بالىمۇ ئانا مېھرىنىڭ روھىي ئوزۇقىنى ئالىدۇ. چۈنكى، بالا ئانىنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئىنتايىن بەك موھتاجدۇر. بالىنىڭ

ئۆز ئانىسىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدا بولۇشقا ۋە ئۇنىڭ شەپقىتىگە بولغان روھىي ئېھتىياجى، ئۇنىڭ ئانا سۈتىگە بولغان تەبىئىي ئېھتىياجىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ.

ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىسى، ھاياتىنىڭ بۇگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۇمىدى، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر پارچىسى بولغان قىممەتلىك پەرزەنتلىرىنى ئۆز قۇچىقىدا سۆيۈپ ئۆستۈرمەي، باشقىلارنىڭ ياكى سوغۇق ئاپپاراتلارنىڭ تەربىيەسىگە تاشلاپ قويۇشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ۋە خەتەرلىك ئىشتۇر. ئەلۋەتتە، ساغلام تەپەككۇر قىلىدىغان ھەرقانداق ئايال ئۇچۇن دۇنيادىكى بارلىق خەزىنەتلەر، مەنسەپلەر ۋە بايلىقلاردىن ئۆز بالىسىنىڭ بىر قېتىملىق تەبەسسۇمى قەدىرلىك ۋە ئەۋزەلدۇر.

شۇمۇ رېئاللىقكى، بۇگۈنكى كۈندە بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى سەۋەبىدىن، ئاياللارمۇ تالادا ئىشلەپ ئائىلە يۈكىنى يېنىكلىتىشكە مەجبۇر بولماقتا. لېكىن، ئائىلە تۈزۈمى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئاتا بولغان ئەرنىڭ قانداقلا مۇشەققەتلىك شارائىتتا بولمىسۇن، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار. شۇڭلاشقىمۇ ئەرلەر جىسمانىي ۋە پسىخىكىلىق جەھەتتە تاشقى مۇھىتنىڭ بېسىمىغا ئاياللاردىن بەكرەك بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ يارىتىلغان. ئەگەر ئاتىلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ، ئائىلىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى تولۇقلىسا، ئانىلارمۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئازادە مۇھىتىدا ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىنى مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان بالىلىرىنى ساغلام ۋە ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىغا ئاتىيالايتتى. بۇ خىل ئىش تەقسىماتى ئائىلە بەختىنىڭ ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتىدۇر.

# ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە ئائىلىق مېھنىتى

## ئاياللارنىڭ ئىشلەش ھوقۇقى ۋە ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەر

ئالدى بىلەن شۇ ھەقىقەتنى ئېنىق ئېيتالايمىزكى، ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللارنىڭ سىرتتا ئىشلىشىنى، ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىنى مۇتلەق چەكلەيدىغان ھېچقانداق ھۆكۈم مەۋجۇت ئەمەس. تارىختا نەزەر سالساقمۇ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، شانلىق ئەسىرلىرىدە ئاياللار جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشتىن، ئىلىم-پەن، ھەربىي ئىشلار، تىجارەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشتىن مەھرۇم قىلىنمىغان. ئىسلام پرىنسىپلىرى بويىچە، ئاياللارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى ۋە غۇرۇرىنى قوغدىغان ئاساستا، ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ياكى جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان شەرەپلىك كەسىپلەردە ئىشلىشى تامامەن جائىزدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان تەبىئىي ھوقۇقىدۇر.

شۇنداق كېيىن ئېيتىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئەرەب ياكى باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئاياللارغا قارىتىلغان قىسمەن چەكلىمىلەر ۋە قاتتىق بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ پەقەتلا شۇ رايونلارنىڭ يەرلىك ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە قەبىلە تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەردۇر. دىننى ئۆرپ-ئادەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ھەقىقەتنى غۇۋالاشتۇرغانلىقتۇر.

## ئاياللىق تەبىئىتى ۋە ئائىلىقنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسى

گەرچە ئاياللارنىڭ ئىشلەش ھوقۇقى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەگەر بىز

تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ۋە ئايال قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىگە چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ يەر يۈزىدە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈتىشىدىغان ئالاھىدە ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ۋەزىپە دەل «ئانىلىق» ۋەزىپىسىدۇر.

ئايالنىڭ ئۆزگىچە يارىتىلىشى، ئۇنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق قۇرۇلمىسى ئانا قارنىدا تۆرەلگەن تۇنجى دەقىقىدىن باشلاپلا، ئۇنى بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىگە يەنى «ئانىلىق»تىن ئىبارەت ھاياتلىق بۇلىقى بولۇشقا تەييارلايدۇ. خۇددى قۇياش نۇر چېچىشقا، بۇلاق سۇ بېرىشكە يارىتىلغاندەك، ئايالمۇ شەپقەت ۋە مېھىر بىلەن ئىنسان يېتىشتۈرۈشكە يارىتىلغاندۇر.

زامانىۋى پسىخولوگىيە ۋە مائارىپ تەربىيەسى مۇتەخەسسىسلىرى بىردەك شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، ئانىنىڭ ئۆز بوۋىقى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىشى، ئۇنىڭ پەرۋىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئانا ـ بالا ھەر ئىككىسى ئۈچۈن سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدىغان تەبىئىي زۆرۈرىيەتتۇر. ئانا ئۆز جىگەرپارىسىنى بېقىشقا مەسئۇل بولۇش ۋە ئۇنىڭ نازۇك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئانىلىق تۇيغۇسىدىن كېلىدىغان تەسۋىرلىگۈسىز روھىي ھۇزۇرنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھۇزۇر ھېچقانداق ماددىي بايلىق بېرەلمەيدىغان مەنىۋى قىممەتكە ئىگە.

رېئاللىقتا ئويلىنىپ باقايلى: دۇنيادا ئۆز بالىسىنى ئىسسىق باغرىغا بېسىپ، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشنى ئارمان قىلمايدىغان بىرەر ساغلام ئانا بارمىدۇ؟! تۇرمۇش بېسىمى ۋە ئائىلە ئېھتىياجى يۈزىسىدىن ئۆز پەرزەنتىنى ئۆيىدە تاشلاپ قويۇپ ياكى باشقىلارنىڭ (يەسلىلەرنىڭ، باققۇچىلارنىڭ) سوغۇق تەربىيەسىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئىشقا ماڭغاندا، يۈرىكى پارە-پارە بولمايدىغان بىرەر ئانا بارمىدۇ؟!

ئەگەر تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز ئېھتىياجى مەجبۇر قىلمىسا، قايسى ئانا دۇنيالىق ئىشلارنى دەپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئازادە مۇھىتىدا بالىسىنى باغرىغا بېسىشتىن ئىبارەت جەننەتتەك ھۇزۇردىن ۋاز كېچەتتى؟!

## پەرزەنت ــ ئانا مېھرىنىڭ مەڭگۈلۈك تەلەپكارىدۇر

خۇددى ئانا ئۆز بالىسىنىڭ پۇرىقىغا موھتاج بولغاندەك، بالىمۇ ئۆز ئانىسىنىڭ يېنىدا بولۇشقا، ئۇنىڭ ئىسسىق قوينىدىن تارقىلىدىغان بەختەرلىك ۋە مېھىر-مۇھەببەتكە ھەممىدىن بەك موھتاجدۇر. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئانىلار ئىشەنچ قىلىپ پەرزەنتلىرىنى تاپشۇرۇپ قويىدىغان زامانىۋى يەسلىلەر ياكى باققۇچىلار ھەرگىزمۇ ئانىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇلار بالىنى باشقا ھەرقانداق بىر جانلىقنى باققاندەك يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ، ئېھتىياجلىرىنى قامداپ باقالىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نازۇك روھىغا ئىنسانىي خىسلەت، ساغلام دىن-دىيانەت ۋە يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىشتىن مۇتلەق ئاجىزدۇر. چۈنكى، مېھىر پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئىلاھىي رىزىقتۇر.

بۇ ھەقتە ئامېرىكالىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتور ئىبدالىن خانىم ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلەر شۇنى تامامەن ئىسپاتلىدىكى، ئانىنىڭ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇشىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ تەربىيە ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاسىتە ئىگە بولۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە تەرك ئېتىشكە بولمايدىغان زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكى ئىنكار قىلغۇسىز ھەقىقەتتۇر. ھازىرقى زامان بالىلىرىدىكى ئەخلاق سەۋىيەسى بىلەن ئۆتمۈشتىكى (ئانىلار ئۆيدە بولغان دەۋردىكى) بالىلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاسمان-زېمىن پەرقلەنمەكتە. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى شۇكى: زامانىۋى ئانىلار سىرتتىكى كەسپلىرىنى، شەخسىي شۆھرەت ۋە پۇل-مالنى قوغلاپ، ئۆيلىرىنى تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىنسانىي تەربىيەسىنى تەرك ئەتتى ھەمدە بۇ ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا ئەسلا لايىق بولمىغان، مېھرى يوق يات كىشىلەرگە (ياكى ئاپپاراتلارغا) تاپشۇرۇپ قويدى.»

مانا بۇ، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمان ئەمەس بىر غەربلىك ئايال ئالىمىنىڭ ئاچچىق رېئاللىقتىن چىقارغان يەكۈنى. بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىز مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز ۋە

ئۆزىمىزنى سوراۋشتە قىلىشىمىز كېرەك. دىنىمىز ئىسلام بۈنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇنلا ئانىلارنىڭ بالىلارنى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆز قوللىرى بىلەن تەربىيە قىلماسلىقىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسا، ئەمدىلىكتە تەرەققىي قىلغان دۇنيا تەجرىبىلىرى ۋە ئاچچىق ساۋاقلار بۇ ئىلاھىي كۆرسەتمىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ئىسپاتلىماقتا.

ئانا ئۆزى باقماي، باشقىلارنىڭ سوغۇق تەربىيەسىگە تاشلاپ قويۇپ چوڭ قىلغان بالىلار كۆپىنچە ھاللاردا ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېتەرسىز بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بۈنىڭدىن باشقا، ئۇنداق چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ، مېھرىبانلىقىنىڭ ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز، ھەتتا يوق دەرىجىدە بولىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان بىر رېئاللىقتۇر. ئادەم نېمىنى تېرىسا شۇنى ئالىدۇ. مانا بۇ ھاياتنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىدۇر.

## قىممەت قاراشلارنىڭ تارازىسى: ئائىلە ۋە كەسپ

شۇنىسى ئېنىقكى، بالىلار ــ بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز، ھاياتىمىزنىڭ جېنى، بۈگۈنىمىزنىڭ ئۈمىدى ۋە ئەتىمىزنىڭ ئىستىقبالىدۇر. ئۇلار بىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ باھالىق بايلىقىمىزدۇر. سىرتتىكى ۋاقىتلىق خىزمەتلەر، پۇل-ماللار، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقىلىدىغان ئابرۇي ۋە شۆھرەتلەر ھەرگىزمۇ ۋە ھېچقاچان بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز بولغان شۇ مەسۇم بالىلىرىمىزدىن قىممەتلىك بولالمايدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىزكى، جەمئىيىتىمىزدە تايىنىدىغان تىرىكى يوق، باققۇچىسىدىن ئايرىلغان تۇل ئاياللار ۋە تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر بېسىمى سەۋەبلىك چارىسىزلىكتىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ئانىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىشلىشى ھەقىقەتەن مەجبۇرىيەت ۋە پىداكارلىقتۇر. ئاللاھ تائالادىن ئۇلارنىڭ مۇشەققەتلىك ئىشلىرىنى ئاسان قىلىشىنى، رىزقىغا بەرىكەت بېرىشىنى تىلەيمىز.

لېكىن، ئۇلاردىن باشقا يەنى ئائىلىسىدە ماددىي قىيىنچىلىقى يوق، ئېرىنىڭ كىرىمى بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغان، ئۆزى ئىشلىمىسىمۇ نورمال، ھەتتا پاراۋان ھالدا ياشىيالايدىغان، ئەمما پەقەتلا «زېرىكىپ قالماسلىق» ياكى «سىرتقى جەلپكارلىق» ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان ئانىلارغا كېلىدىغان بولساق... ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ، پەرزەنت قەدرىنى ۋە تارىخ يارىتىدىغان ئۆز ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولسا ئىدى، ئاشۇ جەلپكار خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ۋاز كېچىپ بالىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قۇرۇشقا ئاتلانغان بولار ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئىدى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى بالىلارنىڭ ئەخلاقىدا، دىيانىتىدە ۋە قىممەت قارىشىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولاتتى.

چۈنكى دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددىي: ساغلام ئانا مۇكەممەل پەرزەنتنى، مۇكەممەل پەرزەنت قۇدرەتلىك مىللەتنى بەرپا قىلىدۇ.

# ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتىكى ھەق-ھوقۇقلار: ئادالەت ۋە تەڭپۇڭلۇق

## بىرىنچى قىسىم: ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچلىرى

ئىسلام شەرىئىتى ئائىلىنى جەمئىيەتنىڭ ئۆلى دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ئۆلنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ئەرنىڭ زىممىسىگە ئايالى ئالدىدا بىر قاتار ئېغىر، ئەمما شەرەپلىك مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ. ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئاساسلىق ھەقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1. گۈزەل مۇئامىلە ۋە چىن مۇھەببەت:

ئەرنىڭ ئايالىغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭ روھىيىتىگە ئازار بەرمەسلىكى، پۈتۈن سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشى ئەڭ نېگىزلىك ھەقتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر»[1]. يەنى، سىرتتا كىشىلەرگە خۇشپېئىل، ئەخلاقلىق كۆرۈنۈپ، ئۆيىگە كىرگەندە ئايالىغا قوپاللىق قىلىدىغان ئەر ھەرگىزمۇ ياخشى ئەر ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي پەزىلەت ئاۋۋال ئۆز ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە كۆرسىتىلگەن مېھىر-شەپقەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

### 2. كەڭ قورساقلىق ۋە سەۋرچانلىق:

ئايالىنىڭ بەزى سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن يەتكەن ئازارلارغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ياكى پسىخىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىجەزى

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئۆزگىرىپ قالغان مەزگىللەردىكى چېچىلاڭغۇلۇقلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەرنىڭ مەردلىكىدۇر. ئۇنىڭ كىچىك خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش، دەردىگە قۇلاق سېلىپ ھالىغا يېتىش لازىم. ساھابىلەردىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۆز ئائىلىسىگە ۋە ئاياللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك مېھىر-شەپقەتلىك كىشىنى كۆرمىدىم»[1] دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.

### 3. سۆيگۈسىنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىش:

ئەر ئايالىغا بولغان مۇھەببىتىنى پەقەت قەلبىدىلا ساقلىماي، ئۇنى ھەر ۋاقىت يېقىملىق سۆز ۋە ئىللىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئىپادىلەپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئاياللارنىڭ روھىيىتى كۆيۈنۈشكە، ئاسرىلىشقا ۋە مۇھەببەت سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تەبىئىيتىدىنلا موھتاجدۇر.

### 4. غۇرۇر بىلەن قوغداش:

ئايالىنى باشقىلارنىڭ يامان نىيەتلىك نەزەرلىرىدىن قوغداشتا غۇرۇرلۇق ۋە قىزغانچۇق بولۇش (يەنى سۈننەتكە ئۇيغۇن رەشك قىلىش) ئەرنىڭ بۇرچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايالىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش، ئۇنى قەدىرلەش، ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىغا ۋە بوزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق يامان ئامىللاردىن غەيلەتتە قالماسلىق ئىنتايىن مۇھىم.

### 5. قېيىن ئاتا-ئانىنىڭ يۈكىنى يۈكلىمەسلىك:

ئەر ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى يۈكلىۋالماسلىقى كېرەك. شەرئەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا كېلىن ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىگە كەلگەن ئەتىۋارلىق قىز ۋە ئامانەتتۇر. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش كېلىنىنىڭ ئىختىيارىدىكى ياخشىلىق ۋە پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كېلىن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ۋە ئېرىنىڭ خاتىرىسىنى قىلغان ھالدا، قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ قويسا ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىدۇ. ھەمدە كېيىنچە ئۆزىنىڭ كېلىنلىرىدىنمۇ ئاشۇ ياخشىلىقنى كۆرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئالەم «ئۆتنە ئالەم»دۇر.

[1] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

### 6. ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى تولۇق قامداش:

ئاياللىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، داۋالىنىش ۋە باشقا بارلىق ھاياتلىق ئېھتىياجلىرىنى (نەپىقىسىنى) ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا، كېمەيتمەستىن ھەم ئىسراپمۇ قىلماستىن تولۇق ئادا قىلىش ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ﴿لِيُنْفِقْ ذُو سَعَةٍ مِنْ سَعَتِهِ وَمَنْ قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ فَلْيُنْفِقْ مِمَّا آتَاهُ اللَّهُ لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا مَا آتَاهَا سَيَجْعَلُ اللَّهُ بَعْدَ عُسْرٍ يُسْرًا﴾ «ماددىي ئىمكانىيىتى ياخشى ئادەم شۇ ئىمكانىيىتىگە يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن. ئاللاھ ھېچكىمنى قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇزاققا قالماي ئاسانلىقنى بېرىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆز ئائىلىسىگە قىلغان ھەرقانداق خىراجىتى ئۈچۈن سەدىقىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ»[2].

### 7. دىنىي تەربىيەسىگە ۋە ئىلىم-مەرىپەت ئېلىشىغا ياردەم بېرىش:

ئايالىغا دىنىنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت قاتارلىق مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن ناماز، روزا، زىكىر، دۇئا ۋە قۇرئان ئوقۇش، تەۋبە-ئىستىغپار دېگەندەك ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىش، ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنداشقا بۇيرۇش ۋە ياردەملىشىش ئەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشتا) چىداملىق بولغىن»[3] دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمر قىلغان.

### 8. جىسمانىي ۋە روھىي زوراۋانلىقتىن يىراق تۇرۇش:

ئەر ئايالىغا ھەر زامان ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ

[1] تەلاق سۈرىسى: 7- ئايەت.
[2] ئىمام تەبەرانىي رىۋايىتى.
[3] تاھا سۈرىسى: 132- ئايەت.

بِالْمَعْـرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار»[1]. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئاياللىنىڭ روھىيىتىنى ئازابلىماسلىقى، قوپال سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىمەسلىكى ۋە قەتئىي ئۇرماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەتئىيلىك بىلەن: «ئاياللارنى ئۇرماڭلار»[2] دەپ ئاگاھلاندۇرغان. يەنە ئۇ: «ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەمەس»[3] دەپ جاكارلىغان.

### 9. ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش:

ئەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدا ئايالىغا ياردەملىشىشى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى كۆتۈرىدۇ. چۈنكى بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە نىمە ئىشلارنى قىلاتتى؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، كىيىملىرىنى ياماپتتى، ئەمما ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان نامازغا چىقاتتى»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۇقىرىقى ھەقلەر ئەرنىڭ ئايالى ئالدىدىكى ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يادرولۇق ۋە مۇھىم بىر قىسمىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارىختىي ئەھمىيەتكە ئىگە «ۋىدا خۇتبىسى» دا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مۇنداق خىتاب قىلغان: «ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇڭلار... بىلىڭلاركى! ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولغاندەك، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ مۇقەددەس ھەقلىرى باردۇر. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ ئىپپىتىڭلانى ساقلىشى، مال-مۈلكۈڭلارنى قوغدىشى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان ھېچبىر كىشىنىڭ ئۆيۈڭلارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقىدۇر.

---

[1] نىسا سۈرىسى: 19-ئايەت.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەردىكى ھەققى بولسا ئۆلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك (ۋە باشقا تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى) قاتارلىقلارنى تولۇق تەمىنلىشىڭلاردۇر»[1].

بۇ يەردە گەۋدىلەنگەن ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى: ئەرنىڭ ئايالىدىكى ئەڭ چوڭ ھەققى ئايالىنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى ۋە ئائىلە نومۇسىنى قوغدىشى، ئېرىگە خىيانەت قىلماسلىقىدۇر. ئېرىگە خىيانەت قىلغان (يەنى ئۈچىنچى بىر شەخس بىلەن ئالاقە قۇرغان) ئايال ئەمەلىيەتتە، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ئۆز روھىيىتىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ. بۇنداق ئېغىر خىيانەتكە ئۇرۇنغان ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى پۈتۈنلەي ساقىت بولىدۇ (ئۈزۈلىدۇ).

## ئىككىنچى قىسىم: ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى مەسىلىسىدىكى ھەقىقەت

ئىسلامدىكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى مەسىلىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ئەڭ كۆپ بۇرمىلىنىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن سۇيىئىستېمال قىلىنىدىغان تېمىلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئېتىقادىدا تەۋرىنىش ۋە ئىككىلىنىش پەيدا بولماقتا. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە بۇ مەسىلە ئىنتايىن ئېنىق، ئادىل ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنى ـ ئىنسانىيەتنى يوقتىن بار قىلغان، ئۇلارنىڭ پىسخىكىلىق ۋە فىزىيولوگىيەلىك خاراكتېرىنى تولۇق بىلىدىغان ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن مۇكەممەل سىستېمىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، ئىنسانلارنى ئەر-ئايال بولغان ھالدا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان قىلىپ ياراتتى. ئەر بىلەن ئايال فىزىيولوگىيە، پىسخىكا ۋە كۈچ-قۇۋۋەت

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق سەھنىسىدىكى ئىجتىمائىي ۋەزىپىلىرىمۇ تەبىئىي ھالدا ئوخشىمايدۇ. ھەربىر جىنسنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئوينايدىغان رولى بار. شۇ سەۋەبتىن، ئىسلام قانۇنى ئادالەتنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەر بىلەن ئايالنى نۇرغۇن ساھەدە مۇتلەق باراۋەر قىلغان بولسا، بەزى ئالاھىدە رول ۋە مەسئۇلىيەت تەقسىماتىدا ئۇلارنى پەرقلەندۈرگەن. (باراۋەرلىك بىلەن ئادالەت بىر نەرسە ئەمەس؛ ئىسلام مۇتلەق باراۋەرلىكنى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ).

## ئەر بىلەن ئايال مۇتلەق باراۋەر بولىدىغان ساھەلەر

**1. ئىنسانىي قەدىر-قىممەتتە باراۋەرلىك:** ئەر بىلەن ئايال ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە، ھۆرمەت ۋە قەدىر-قىممەتتە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا ئەر - ئايال پۈتۈن ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾ «ھەقىقەتەن بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق»[1].

**2. دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە مۇكاپاتتا باراۋەرلىك:** ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشتە ئەر بىلەن ئايال ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى﴾ «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن ، ئايال بولسۇن ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن»[2].

**3. گۇناھ ۋە جازادا باراۋەرلىك:** چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغاندا تارتىدىغان جازادىمۇ جىنس پەرقى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ جَاءَ بِالسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى الَّذِينَ عَمِلُوا السَّيِّئَاتِ إِلَّا مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «كىمكى يامان ئىش بىلەن كېلىدىكەن، يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا پەقەت ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ»[3]. بۇ ئايەت ئەر-ئايال

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 70 - ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى195- ئايەت.

[3] قەسەس سۈرىسى 84 - ئايەت.

ھەر ئىككى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4. قىساس قانۇنىدىكى باراۋەرلىك:** ھاياتلىق ھوقۇقىدا ئەر-ئايال ئوخشاش بولۇپ، ناھەق قان تۆكۈلگەندە جىنس ئايرىلماي قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى الْحُرُّ بِالْحُرِّ وَالْعَبْدُ بِالْعَبْدِ وَالْأُنْثَى بِالْأُنْثَى﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ»[1].

**5. ئىلىم-مەرىپەت ئېلىش ھوقۇقىدا باراۋەرلىك:** ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغاندا، ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىماستىن، ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش بۇيرۇغان. بۇ مەسىلە، قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئايەتلەردە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇش- ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر»[2].

ئەلۋەتتە، بۇ ئورۇندىكى «ئۆگىنىش» دىنىي ئىلىملەرگىلا قارىتىلماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىن ۋە ئەخلاققا خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**6. مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىدىكى باراۋەرلىك:** بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا اكْتَسَبُوا وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا اكْتَسَبْنَ﴾ «ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ» [3].

**7. مىراس ئېلىش ھوقۇقىدىكى باراۋەرلىك:** ئەرلەر مىراس ئالغاندەك، ئاياللارمۇ مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا

[1] بەقەرە سۈرىسى 178 - ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[3] نىسا سۈرىسى 32 - ئايەت.

مۇنداق: ﴿لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيبًا مَفْرُوضًا﴾ «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ»[1].

**8. ئىقتىسادىي تەسەررۇپ ۋە تىجارەت ھوقۇقىدىكى باراۋەرلىك:** ئەر بىلەن ئايال ئۆزلىرىگە ئائىت بولغان مال ـ مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە قوللىنىش، ئېلىش ۋە سېتىش ئىشلىرىدا ئەر بىلەن ئايال ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا﴾ «ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى»[2] دېگەن ئايەت ھەر ئىككى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**9. نىكاھلىنىش ئەركىنلىكىدىكى باراۋەرلىك:** ئەرلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغاندەك، ئاياللارمۇ ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئەرلەرگە ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

ئىسلامدا ئوغۇل ـ قىزلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاش يوقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار»[3] دېگەن.

## ئەر بىلەن ئايالنىڭ ۋەزىپە ۋە ھۆكۈمدە پەرقلىنىدىغان مەسىلىلىرى

بۇ پەرقلىنىش ھەرگىزمۇ بىرىنى ئۇلۇغلاپ يەنە بىرىنى كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام يۈرۈشۈشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىلاھىي «ئىش تەقسىماتى ۋە ۋەزىپە تەكشۈكلۈكى»دۇر.

[1] نىسا سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى 275 ـ ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

**1. ئائىلە رەھبەرلىكى مەسئۇلىيىتى:** ھەرقانداق بىر جەمئىيەت، كارخانا ياكى دۆلەتنىڭ بىرلا ئالىي رەھبىرى بولغىنىدەك، ئائىلىمۇ بىر كىچىك دۆلەتتۇر. ئەگەر بىر پاراخوتنىڭ ئوخشاش ھوقۇقلۇق ئىككى كاپىتانى بولسا، ئۇ پاراخوت چوقۇم چۆكىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئائىلىدە ئەر رەئىس، ئايال ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى قىلىپ بېكىتىلگەن. چۈنكى ئەرلەر ئائىلىنىڭ ماددىي يۈكىنى ۋە سىرتقى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ﴾ «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر»[1] دېگەن.

**2. گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسى:** بەزى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي مەسىلىلەردە، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ قىلىنغان. بۇ ئايالنى ئەقلى كەم ياكى يالغانچى دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، ئاياللارنىڭ پسىخىكىلىق جەھەتتە ھېسسىياتقا ئاسان بېرىلىدىغان، مەسىلىلەرگە كۆپىرەك رەھىمدىللىك ۋە ھېسداشلىق بىلەن قارايدىغان نازۇك تەبىئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنداقلا ئۇلاردىن قانۇنىي مەجبۇرىيەتنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولغا قويۇلغان تەدبىردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى﴾ «ئەگەر ئىككى ئەر كىشى بولمىسا، سىلەر (ئادالەتكە، دىيانەتكە) ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ» [2].

**3. مىراس تەقسىماتىدىكى ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇق:** ئىسلام مىراس قانۇنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئاياللارغا مىراس ئېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك قانۇندۇر (ئىسلامدىن بۇرۇن ئاياللار مىراس ئېلىش ئەمەس، ئۆزلىرى مىراس ئورنىدا تەقسىملىنەتتى).

[1] نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەت.

بەزى ھالەتلەردە ئاياللارنىڭ مىراسى ئەرلەرنىڭ مىراسىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ (يەنى «بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ»). بۇ قارىماققا ئاياللارغا زىياندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئىنتايىن ئادىل ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇقتۇر.

سەۋەبى: ئىسلام قانۇنى بويىچە بىر ئايالنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن چىقىمى (نەپىقىسى) مۇتلەق ھالدا ئەرلەرنىڭ زىممىسىدىدۇر

بىر ئائىلىدىكى ئايال يا شۇ ئائىلىدىكى ئەرنىڭ ئايالى بولىدۇ ياكى قىزى بولىدۇ ياكى ئانىسى بولىدۇ ۋەياكى ھەمشىرىسى بولىدۇ. زادى تۆۋەندىكى تۆت خىل ئايالنىڭ بىرى بولىدۇ:

- قىز بولغاندا: يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە بارلىق خىراجىتى ئاتىسىغا ئائىت.
- ئايال بولغاندا: بارلىق تۇرمۇش چىقىملىرى ئېرىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.
- ئانا بولغاندا: بارلىق تەمىناتى ئوغلىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ.
- يالغۇز قالغان ئاچا-سىڭىل بولغاندا: خىراجىتى ئاكا-ئۇكىسىغا ياكى تاغىلىرىغا ئائىت بولىدۇ.
- ئايالنىڭ ھېچكىمى بولمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ چىقىمى ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىدىن (بەيتۇلمالدىن) تەمىنلىنىدۇ.

دېمەك، ئايال تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆز يانچۇقىدىن بىر تىيىنمۇ خەجلەشكە مەجبۇر ئەمەس. ئۇ مىراستىن ئالغان ھەسسىسىنى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىقتىسادىي كاپالىتى ئۈچۈنلا ساقلايدۇ. ئەمما ئەر ئالغان مىراسىنى ئايالىغا، بالىلىرىغا، ئانىسىغا ۋە ئاچا-سىڭىللىرىغا خەجلەشكە مەجبۇردۇر. شۇڭا، ئەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ مىراس كۆپرەك بېرىلگەن. بۇ دەل ئىلاھىي ئادالەتنىڭ ئۆزىدۇر. ﴿يُوصِيكُمُ اللَّهُ فِي أَوْلَادِكُمْ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ﴾ «ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئوغۇلغا ئىككى

قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ»[1].

**4. تالاق قىلىش ھوقۇقى:** ئائىلە تۇرمۇشى ھەمىشە تىنچ دېگىلى بولمايدۇ. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، جېدەل-ماجىرا يۈز بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق كىرىزىسلىق پەيتلەردە ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سوغۇققانلىق ۋە ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ پىسخىكىلىق ۋە فىزىيولوگىيەلىك تەبىئىتى كۆپىنچە ھېسسىياتچان، ئاچچىقى تېز كېلىپ تېز يانىدىغان بولىدۇ. ئەگەر تالاق ھوقۇقى ھېسسىياتقا تېز بېرىلىدىغان ئاياللارنىڭ قولىدا بولغان بولسا، نۇرغۇن ئائىلىلەر بىر دەملىك ئاچچىق ياكى كىچىككىنە سۈركىلىش تۈپەيلىدىنلا ۋەيران بولغان بولار ئىدى.

ئەرلەر بولسا ھېسسىياتقا قارىغاندا ئەقىل ۋە مەنتىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، سوغۇققانراق، مەسئۇلىيەتنىڭ (بولۇپمۇ نىكاھ بۇزۇلغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي چىقىملارنىڭ، مەسىلەن: مەھرى تۆلەش ۋە نەپىقە بېرىشنىڭ، شۇنداقلا يالغۇزلۇقنىڭ) ئېغىرلىقىنى، بالىلارنى يېتىم قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئويلايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ۋە قارار چىقىرىشتا ئېھتىياتچان بولۇش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئائىلىنى ئاسان بۇزۇلۇشتىن قوغداش مەقسىتىدە تالاق ھوقۇقى ئەرلەرگە بېرىلگەن. (گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئاياللار زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا سوت ياكى قازى ئارقىلىق نىكاھنى بىكار قىلىش (خۇلئى قىلىش) ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ).

---

[1] نىسا سۈرىسى: 11- ئايەت.

# ئائىلە بېغىنىڭ باھارى ۋە ئىپپەت قورغىنى ــ ئەدەپ

ئائىلە ــ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ھۇجەيرىسى، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى ۋە ھاياتلىق بورانلىرىدا پاناھلىنىدىغان ئەڭ ئىللىق پورتتۇر. بۇ مۇقەددەس ماكاننىڭ تەۋرەنمەس ئۇلى پەقەت ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى قەدىرلەش، چۈشىنىش، چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ جەۋھىرى بىلەنلا قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

## بىرىنچى: ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇئامىلە ۋە ئەدەپلەر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەرلەرنى ئۆز جۈپتىگە نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ئالىيجاناب، كەڭ قورساق ۋە مۇلايىم بولۇشقا بۇيرۇپ، ئائىلە پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزاننى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ﴿فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار ، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن»[1]

بۇ ئايەت بىزگە شۇنداق بىر مەسىلىنى ئۆگىتىدۇكى: ھەقىقىي بەخت ۋە مۇھەببەت قارشى تەرەپنىڭ مۇكەممەللىكىدىن تۇغۇلمايدۇ، بەلكى كەمچىلىكلىرىگە مېھىر-شەپقەت بىلەن سەۋر قىلىش، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ياخشىلىقلارنى بايقاش قابىلىيىتىدىن تۇغۇلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۇستازى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ئۈممىتىگە ئەرلىكنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز

[1] نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەت

ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر. مەن ئاراڭلاردىكى ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىڭلارمەن»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئاياللارنىڭ نازۇك پسىخىكىلىق ۋە فىزىيولوگىيەلىك تەبىئىتىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە ھېكمەتلىك تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارغا ھەمىشە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى ئايال قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان بولۇپ، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ ئەگرى (قىڭغىر) يېرى ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدۇر. ئەگەر سىز ئۇنى زورلاپ تۈزلىمەكچى بولسىڭىز، سۇندۇرۇپ قويىسىز. ئەگەر ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتسىڭىز، شۇ ئەگرى پېتى قالىدۇ. شۇڭا ئاياللارغا سىلىق-سىپايىلىك بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار»[2].

بۇ ھەدىس ئاياللارنى كەمسىتىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىدۇر. قوۋۇرغا ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان يۈرەكنى قوغدايدىغان قالقاندۇر. ئۇنىڭ ئەگرىلىكى ئۇنىڭ نۇقسانى ئەمەس، بەلكى قوغداش ۋە مېھىر بېرىش ئىقتىدارىنىڭ نامايەندىسىدۇر. شۇڭا، ئەر ئايالنىڭ ھېسسىياتچانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى قاتتىقلىق بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماي، بەلكى دانالىق بىلەن يېتەكلىشى لازىم.

ئىسلامدىكى ئەر-ئاياللىق مۇئامىلىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ئەرنىڭ ئايالى تەرەپتىن كەلگەن جەۋر-جاپالارغا، ناز-كەرەشمىلەرگە ۋە بەزى سەل قاراشلارغا چىدامچانلىق بىلەن سەۋر قىلىپ، ئۇنى ئىلمىي ۋە مۇلايىم ئۇسۇل بىلەن تۈزىتىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا بۇنىڭ ئەڭ ئالىي ئۈلگىسىنى ياراتقان بولۇپ، ئاياللىرىنىڭ بەزى رەنجىشلىرىگە ۋە يېرىكلىكلىرىگە ئىنچىل تەبەسسۇم ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ساھابىلەر ئۇ زاتنىڭ بۇ ھالىتىنى تەسۋىرلەپ: «ئايالىغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىرەر كىشىنى كۆرمىدۇق»[3] دېيىشكەن ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ:

---

[1] ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ۋە گۆدەك بالىلارغا يەر يۈزىدىكى ئەڭ مېھرىبان زات ئىدى»[1] دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئەرنىڭ ئايالىغا بېرەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ھەدىيەسى پۇل-مال ئەمەس، بەلكى چىن مۇھەببەت، چىرايلىق سۆز، ئەدەپلىك چاقچاق ۋە يارقىن كۈلكىدۇر. ئۆز جۈپتى بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىش، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى خۇشال قىلىش ئىككى قەلبنىڭ تومۇرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك كۆۋرۈكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە بۈيۈك دۆلەت رەھبىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولسىمۇ، ئاياللىرىنىڭ كۆڭۈل ھالىتىگە ماسلىشىپ، ئۇلار بىلەن ئويۇن-چاقچاق قىلاتتى. ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چۈللۈكتە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئوينىغانلىقى، بىر قېتىم ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى، كېيىنچە يەنە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېشىپ كېتىپ: «بۇ ھېلىقىنىڭ بەدىلى» دەپ يېقىملىق چاقچاق قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر»[3].

## ئىككىنچى: ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە ئائىلە پەزىلىتى

ئايال-ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، قەلبنىڭ تەسەللىيسى ۋە تۇرمۇش كېمىسىنىڭ ئاساسلىق يەلكىنىدۇر. ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

**1. قانائەت تاجىنى كىيىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق:** ئايال ئېرىنى كۈچى

[1] «تارىخ ئىبنى ئەساكىر».
[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
[3] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىماسلىقى، ئېغىر يۈكلەرنى ئارتماسلىقى، ئائىلىنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن ھالقىغان ھەشەمەت تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىنى باسماسلىقى كېرەك. قانائەت ئائىلىنى كۆكلىتىدىغان ۋە مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىدىغان تۈگمەس خەزىنىدۇر. ئەكسىچە، قانائەتسىزلىك ۋە ئاچكۆزلۈك ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتكە كىرىپ قالغان زەھەرلىك يىلان بولۇپ، ئائىلە ئىللىقلىقىنى ۋەيران قىلىدۇ.

**2. ساداقەت ۋە ئىتائەت:** ئېرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قوغداش، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە سىرلىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ شىكايەت قىلماسلىق ئايالنىڭ ئالىيجانابلىقىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپ بولمىغان (يەنى ئېرى پەرزلەرنى تەرك ئېتىشكە، ھارامنى يېيىشكە ياكى دىندا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇمىغانلا بولسا)، توغرا ۋە ھەقلىق ئىشلاردا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى دىنىمىزدا ئىبادەت دەرىجىسىدىكى ياخشى ئەمەلدۇر. ھەتتا ئايال ئېرىگە ئىتائەت قىلىپ نەپلە (ئىختىيارى) ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**3. ئائىلە نىزامىغا ھۆرمەت قىلىش:** ئېرىنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىسىز مەيلى سەپەرگە، مەيلى يىغىلىشلارغا چىقماسلىق؛ سىرتقا چىققاندا ئىسلامىي ھاياغا يۈگىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىززىتىنى قوغدايدىغان ئەڭ ھايالىق، ئەڭ ئېسىل قىياپەتتە بولۇش ھەم دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى، ھەم مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ تەلىپىدۇر.

**4. ئۆلگىلىك (سالىھە) ئايالنىڭ سۈپەتلىرى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇ دۇنيا تامامەن ۋاقىتلىق بىر مەنپەئەتلىنىش تۇرالغۇسىدۇر. دۇنيادىكى پۈتۈن مەنپەئەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھە خوتۇندۇر»[1].

ئۆلگىلىك خوتۇن دېگەن قانداق ئايالنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنى

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تونۇپ ئىبادەتلىرىنى كامىل ئادا قىلىدىغان، ئاندىن ئېرىنىڭ ھەققىنى يۈرىكىگە پۈكۈپ، ئۇنىڭغا چىن ساداقەت باغلايدىغان، ئائىلىسىنىڭ ھەربىر زەررىسىگە ئۆزىنىڭ مېھرىنى سىڭدۈرىدىغان، پەرزەنتلىرىنى ئىمان ۋە ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەيدىغان، تەقدىرنىڭ ھەرقانداق سىنىقىغا شۈكۈر-قانائەت بىلەن جاۋاب بېرىدىغان پەرىشتە مىسالى ئىنساندۇر.

ئايالنىڭ ئېرى ئالدىدىكى ئاساسىي بۇرچلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

- ئېرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئابرۇيىنى، ئۆزىنىڭ ھەتتا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە پۈتۈن جەمەتىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۇنى ئوبدان قوغدىشى.
- ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىققا شۈكۈر قىلىپ، قانتىقچىلىق، يوقسۇللۇق كۈنلىرىدە ئېرىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپمەي، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگۈچى بولۇشى. ئىسلامنىڭ ئۆلگىلىك دەۋرىدىكى ئەڭ ياخشى ئاياللار ئېرى ئىشقا ماڭغاندا: «ئى خوجام! بىزگە رىزىق تېپىشتا ئاللاھتىن قورقۇڭ، ھارامغا يېقىنلاشماڭ. بىز ئاچلىقنىڭ ئازابىغا ۋە دۇنيانىڭ يوقسۇللۇقىغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئەمما دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابىغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيمىز!» دەپ يولغا سالاتتى.
- ئۆزىنىڭ فىزىكىلىق گۈزەللىكىنى ۋە زىننەتلىرىنى پەقەتلا ھالال جۈپتىگە ئاتىشى، يات ئەرلەرنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان كوچا-كويلاردا شەرىئەت رۇخسەت قىلغان (يۈزى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى قاتارلىق) ئەزالىرىدىن باشقا يەرلىرىنى نامايان قىلماسلىقى، قىسقا، نېپىز كىيىملەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرمەسلىكى.
- چېگرانى بىلىش؛ ئېرىنىڭ دوستلىرى ياكى ناتونۇش ئەرلەر بىلەن زۆرۈرىيەتسىز پاراڭلاشماسلىقى، ئېرى ئۆيدە يوق چاغدا يات بىر ئەرنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكى، يات ئەر بىلەن يالغۇز قالماسلىقى.
- ئۆزىنىڭ ھۆسن-جامالى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئابرۇيى ۋە بايلىقى،

ياكى مەنسىپى بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقى. (يەنى ئايال ئېرىدىن كۆپ ئۈستۈن شارائىتتا ئىگە بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى كېرەك).

- بالىلىرىغا مېھىر-شەپقەت بىلەن تەربىيە بېرىشى، ئۇلارنى ئاسانلا ئۇرۇپ- تىللىماسلىقى ۋە بالىلارنىڭ ئالدىدا ئاتىسىنىڭ ھۆر-مىتىنى تۆكىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىقى.

## ئۈچىنچى: ھىجاب ــ ئايالنىڭ تاجى ۋە مۇھاپىزەت قورغىنىدۇر

مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ۋە سىرتقا قەدەم باسقاندا ھىجابلىنىشى ئاددىي بىر ئۆرپ-ئادەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قەتئىي پەرزىدۇر. ھىجاب ــ ئايالنىڭ بېشىنى، چېچىنى، بوينىنى، كۆكسىنى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭ نازۇك گەۋدىسىنى سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان دەرىجىدە كەڭرى، ئازادە ۋە قېلىن كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.

ھىجاب ــ مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ پارلاق شوئارى، تەقۋالىقنىڭ ئەڭ گۈزەل كىيىمى، ئالىيجانابلىقنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت-ئىززەتنىڭ نىشانىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلىدۇر. گۆھەرنىڭ سەدەپ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك بولغىنىدەك، ھىجابمۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىنى جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك پەسكەش نەزەرلەردىن، رەزىللىكلەردىن ۋە كۆز خىيانەتلىرىدىن قوغدايدۇ. ئۇ مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ھايا، نومۇس ۋە ئىپپەت سىپىلى ئىچىدە تېخىمۇ قەدىرلىك، تېخىمۇ ئىززەتلىك ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ «نۇر سۈرىسى»دە، ئىنسانىيەتنىڭ جىنسىي ۋە روھىي پاكلىقىنىڭ ئۇل نىزامىنى بېكىتىپ مۇنداق دەيدۇ: :
﴿وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ

بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە[1] تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەت ئورگانلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار»[2].

## تۆتىنچى: ئايالنىڭ سەپەرگە چىقىشى ۋە مەھرەم ھېكمىتى

ئىسلام دىنى ئاياللارنى چەكلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى بىر مەلىكىدەك قوغداش ۋە ئىززىتىنى ئاسراش ئۈچۈن، ئۇلار يولغا چىققاندا ھەمراھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئايال بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ياكى چەتئەللەرگە سەپەر قىلماقچى بولسا، گەرچە ئۇ سەپەر ئايروپىلان بىلەن بىرنەچچە سائەتتىلا يېتىپ بارىدىغان قىسقا مۇساپىلىك بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى، ئاندىن ئىشەنچلىك ھەمراھلار بىلەن بىرگە سەپەر قىلىشى كېرەك. ئەمما كۆنلەپ داۋاملىشىدىغان، يوللاردا، مېھمانخانىلاردا قونۇپ قالىدىغان سەپەرلەرگە ئايال قوغدىغۇچى (مەھرەم)سىز چىقالمايدۇ.

---

[1] نامەھرەم ـ ئۆزىنىڭ جورىسى ئەمەس يات كىشىلەر.

[2] نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

- ئىسلام مەزھەپلىرىدىن ھەنەفىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە: «ئايال مەھرەمسىز ئۈچ كېچە-كۈندۈزلۈك مۇساپىگە سەپەر قىلسا بولمايدۇ» دېگەن ھۆكۈم بار.
- ئەمما شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرى: «ئەگەر يول بىخەتەر بولسا ۋە تەقۋادار، ئىشەنچلىك ئاياللار گۇرۇپپىسى ھەمراھ بولسا، ئايال مەھرەمسىز سەپەر قىلسا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.
- ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى بۇ پەتىۋالارنى بىرلەشتۈرۈپ شۇنداق خۇلاسە چىقاردىكى: ئەسلىدە ئاياللارنى يالغۇز سەپەر قىلىشتىن توسۇشتىكى تۈپ مەقسەت يوللاردىكى بۇلاڭ-تالاڭ ۋە ئامانسىزلىق خەۋپى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە قاتناش قوراللىرى تەرەققىي قىلغان، ئايروپىلان-پويىزلاردا كوللېكتىپ بىخەتەرلىك ئومۇملاشقان شارائىتتا، ئاياللار ئىشەنچلىك ئايال ھەمراھلار يېنىدا بولسا ۋە سەپەر يولى بىخەتەر بولسا، مەھرەمسىز (پەقەت ئېرىنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا) سەپەرگە چىقسا بولىدۇ[1].

## بەشىنچى: «ئالدانغان ئىشەنچ» ــ غەپلەتكە پېتىش

كېيىنكى ئەسىرلەردە، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالداپ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ يالغانلىقىمىز ۋە روھىي زەئىپلىكىمىز خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ ئېپىيەت-نومۇسىنى قوغداشتا بىپەرۋالىق قىلىش ۋە پىتنە-پاساتنىڭ خەۋپىنى كۆرمەسكە سېلىشىمىزدۇر. بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ يىلتىزىدىن ئاجىزلاشقانلىقىمىزنىڭ ۋە ۋىجداننىڭ غەپلەت تۇمانلىرى ئىچىدە بۇلغانغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئىنسانىنىڭ نەپسى ۋە ھېسسىياتى ئاجىزدۇر؛ ھېچقانداق كىشى «مەن ھەرگىز خاتالاشمايمەن» دەپ ئۆزىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئوت بىلەن پاختا بىر يەرگە كەلسە ئوت ئالماي قالمىغاندەك، ئىنسان پەقەت يامان

[1] «ياۋروپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشى» نىڭ پەتىۋاسى.

ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان مۇقەددىمىلەر ۋە پۇرسەتلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنى پاك ساقلاپ قالالايدۇ.

بىر ئايال ھەرقانچە ئىرادىلىك، دىيانەتلىك ۋە ئېرىگە چىن ساداقەتلىك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھېچقاچان رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولسا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىلىرى، پاكلىق ۋە پەزىلەتتە پەرىشتىلەردەك ئۈلگىلىك زاتلار ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى تېخىمۇ قاتتىق قوغداش ئۈچۈن مۇنداق ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن: ﴿يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِنَ النِّسَاءِ إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَعْرُوفًا﴾ «ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچ بىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە) سۆز قىلغاندا نازاكەت بىلەن سۆزقىلماڭلار. (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا كېسەل بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆز قىلىڭلار»[1].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالا ئەر ساھابىلەرگىمۇ خىتاب قىلىپ مۇنداق بۇيرۇغان: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَٰلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ وَمَا كَانَ لَكُمْ أَنْ تُؤْذُوا رَسُولَ اللَّهِ﴾ «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس»[2].

ئەقىل ئىگىلىرىگە قىيىن ئەمەسكى، بۇ ئايەتلەردە خىتاب قىلىنغان ئەرلەر يەر يۈزىدىكى ئەڭ تەقۋا، ئەڭ پاك قەلبلىك ئىنسانلار بولغان ساھابىلەردۇر؛ خىتاب قىلىنغان ئاياللارمۇ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۈلگىلىك ئانىلار بولغان مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئەگەر شۇ قەدەر

[1] )) ئەھزاپ سۈرىسى 32- ئايەت

[2] ئەھزاپ سۈرىسى 53- ئايەت

گۇناھسىز ۋە پاك زاتلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىدىمۇ شۇنچە قاتتىق چەكلىمە ۋە ئەدەپ-نىزاملار بېكىتىلگەن تۇرسا، بۈگۈنكى پىتنە-پاسات قايناپ تۇرغان مۇشۇ زاماندا بىز ئۆزىمىزگە قانداقمۇ شۇنچە كۆپ ئىشەنچ قىلىپ كېتەلەيمىز؟!

ئائىلىنىڭ نومۇسىنى قوغداشتا بوشاڭلىق قىلىپ، «بىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ» دەپ يالغان ئىشەنچكە بېرىلگەنلەرگە ئېيتىدىغان سۆزىمىز شۇكى: سىز ھەرقانچە ياخشى بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەردىن كامىل ئەمەسسىز. ئاياللىرىڭىز ۋە قىزىڭىز ھەرقانچە ئىرادىلىك ۋە ئىشەنچلىك بولسىمۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىغا ۋە قىزلىرىغا يەتمەيدۇ. سىز ئارىلىشىپ يۈرگەن ناتونۇش كىشىلەر ياكى خىزمەتداشلىرىڭىزمۇ ھەرگىز ساھابىلەردەك ئاق كۆڭۈل ئەمەس! ئۇنداقتا، سىز نېمىشقىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە ئىشىنىپ بۇنچىۋالا مەغرۇرلىنىپ، نومۇس چېگرالىرىنى ئوچۇق قويۇۋېتىسىز؟!

## ئالتىنچى: غۇرۇرنىڭ ئۆلۈشى ــ ئەرلىكنىڭ يوقۇلۇشىدۇر

ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ قىممەتلىك ۋە تەڭداشسىز گۆھىرى ئۇنىڭ ئىپپەت ۋە نومۇسىدۇر. ھەقىقەتتە، نومۇسنى قوغداش پەقەت جەمئىيەتنىڭ تەلىپىلا ئەمەس، بەلكى دىنىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئەڭ جانلىق ئالامىتىدۇر. نومۇس ۋە ئىپپەت ئۈستىدە يۈكسەك قىزغىنىش روھىغا ئىگە بولۇش (يەنى غۇرۇر) ئىسلامدا پەزىلەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نومۇسىنى قوغداشتا يەر يۈزىدىكى ئەڭ غۇرۇرلۇق زاتلار ئىدى. تۆۋەندىكى تارىخىي ۋەقە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىدىكى بۇ ئۇلۇغۋار تۇيغۇنى نامايان قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە دىنىي ھۆكۈملەرنى چۈشەندۈرۈپ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆيىگە كىرىپ قېلىپ، ئايالىنى يات بىر ئەر بىلەن يامان ئىش (زىنا) ئۈستىدە كۆرۈپ قالسا، (ئۆزىچە جازالىماي) تۆت گۇۋاھچى ئېلىپ كەلسۇن» دېگەندە، ساھابىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەرد ۋە غۇرۇرلۇق زات

سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىدىيالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

ـ يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئايالىمنى باشقا بىر نامەھرەم بىلەن شۇنداق رەزىل ھالەتتە كۆرسەم، ئۇلارنى قويۇپ قويۇپ تۆت گۇۋاھچى ئىزدىگىلى كېتەمدىمەن؟ ياق! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنداق ھالەتنى كۆرۈپ قالسام، قىلىچىمنىڭ كەسكىن تەرىپى بىلەن ئىككىسىنى بېشىدىن ئايىغىغىچە چاناپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىمەن! ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ مېنى خالىغىنىچە جازالىسۇن! ـ دەيدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باشقا ساھابىلەر تەئەججۈپلىنىپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سەمىمىي ۋە پاك غۇرۇرىغا تەبەسسۇم قىلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

ـ «سىلەر سەئىدنىڭ بۇنداق يۈكسەك غۇرۇرلۇق بولۇپ كەتكىنىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ مەن سەئىدتىنمۇ بەك غۇرۇرلۇقمەن! ئاللاھ ھەممىمىزدىن بەك غۇرۇرلۇقتۇر! دەل ئاللاھنىڭ مۇشۇ ئۇلۇغ غۇرۇرى (قىزغىنىشى) يۈزىسىدىن، پاھىشە ۋە رەزىل ئىشلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەرقانداق تۈرى ھارام قىلىنغان!» [1].

بۇ ھەدىس بىزگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى: غۇرۇر ئىلاھىي سۈپەتتۇر. ھەرقانداق بىر ئەركەك ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نومۇسىنى مۇقەددەس بىلگىنىدەك، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى، ئۇلارنىڭ ئانا-سىڭىللىرىنىڭ نومۇسىنىمۇ شۇنداق مۇقەددەس بىلىشى لازىم. ئۆز قورغىنىنى قوغداشتا يولۋاستەك قىزغانچۇق بولغان ئەركەك باشقىلارنىڭ قورغانىغا كۆز قىرىنى سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئېپپىتىگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن يىراق تۇرىدۇ.

## يەتتىنچى: قورغاننى ۋەيران قىلىدىغان يامان يوچۇقلار

ئېپپەت-نومۇسنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى جەمئىيەتتە تۇيۇقسىزلا يۈز بەرمەيدۇ. ئۇ رەزىل نىيەتلىك كىشىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان بىر

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قاتار بوشلۇقلار ئائىلىدىكى ئەخلاقىي يوچۇقلار ئارقىلىق تەدرىجىي ئورۇنلىشىدۇ. تۆۋەندىكى ئامىللار شۇ ئاپەتنىڭ مەنبەلىرىدۇر:

**1. ئائىلە مەسئۇلىيىتىدىن قېچىش:** ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ئۆز ئەھلىنى يەنى ئايالىنى ۋە قىزلىرىنى نامەھرەملەرنىڭ ھەۋەسلىك نەزەرلىرىدىن قوغداشقا پەرۋا قىلماسلىقى. بۇ ھالەت ئەرنىڭ مەسئۇ-لىيەت تۇيغۇسىنى، غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقىدىن ياكى ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمەيدىغان بىلىمسىزلىكىدىن پەيدا بولىدىغان پاجىئەدۇر. ئائىلە خۇددى بىر پادىغا ئوخشايدۇ، ئەر بولسا ئۇنىڭ پادىچىسى (قوغدىغۇ-چىسى)دۇر.

**2. ئېچىلىش (ياسىنىپ، ئېچىلىپ يۈرۈش):** مۇسۇلمان خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ ئىسلامىي ھايا ئۆلچىمىگە خىلاپ ھالدا، بەدىنىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان دەرىجىدە نېپىز، تېنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان تار ۋە تىزىدىنمۇ ئاشمايدىغان قىسقا كىيىملەرنى كىيىپ كوچىلاردا گېزىشى ئەتراپىتىكى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىدىغان يامان ئامىلدۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾ «ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ئايەت ئاياللارنى چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشتىن مەنئى قىلمايدۇ. بەلكى ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ ۋە كۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت دەۋاسى قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ كىيىنگىنىدەك، يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا بەدەنلىرىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان نېپىز، تىزىدىن ئاشمايدىغان قىسقا، تېنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان تار كىيىملەرنى كىيىشتىن مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، دىنىمىز ئاياللارنىڭ گۈزەل كىيىنىشىنى چەكلىمەيدۇ، ئەمما ئۇ گۈزەللىكنى پەقەت ئۆز جورىسىغىلا خاس قىلىپ، سىرتقا ئازادە، ئۆزۈن ۋە

[1] ئەھزاب سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

ھايالىق كىيىملەر بىلەن چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئايال شۇنداق كىيىنگەندىلا جەمئىيەتتە ھەقىقىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

**3. ئارىلىشىش (ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى):** ئاممىۋى سورۇنلاردا، يىغىلىشلاردا ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ زۆرۈرىيەتسىزلا قېتىشىپ ئولتۇرۇشى، چاقچاقلىشىشى ۋە ئۆزئارا سىرداشلارغا ئايلىنىشى. بۇ خىل چەك-چېگراسىز ئالاقە يوشۇرۇن گۇناھلارنىڭ تۇخۇمى بولۇپ، ھەم ئىسلام شەرىئىتىگە، ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېپپەتلىك مىللىي ئەنئەنىلىرىگە يات قىلىقتۇر.

**4. ئائىلە تەربىيەسىنىڭ يېتەرسىزلىكى:** ئائىلىدە بالىلارغا ئىمان، ھايا ۋە غۇرۇر دەرسىنىڭ بېرىلمەسلىكى ياكى يېتەرسىزلىكى. بۇ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك يوچۇقلاردىن بىرى بولۇپ، ئائىلىسىدە ئىمان، ئەخلاق، ھايا ۋە غۇرۇر تەربىيەسىنى ئالمىغان بالىلار ئۇلارنى قوغداشنى بىلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئائىلە ــ بالىنىڭ تۇنجى مەكتىپى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسىدە ئەخلاقىي تەربىيەنى تولۇق كۆرگەن قىز-يىگىتلەر نومۇسنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار كىشىلەر بىلەن پىتنىلەرگە سەۋەب بولىدىغان بىنورمال ئالاقىلەرنى ئورناتمايدۇ، قىزلار ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كوچا چېگىداپ يۈرمەيدۇ ۋە يات ئەرلەر بىلەن ئۇچراشمايدۇ. ئۇلار قورۇق سۆزلەردىن ۋە يالغان تۆھمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ، يات كىشىلەر بىلەن ئالاقە قۇرۇشتىن ساقلىنىدۇ.

**5. خىلۋەت (يالغۇز قېلىش):** نامەھرەم بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ (مەيلى خىزمەتداش، مەيلى ساۋاقداش، مەيلى تونۇش بولسۇن) يېپىق بىر ئۆيدە، ماشىنىدا ياكى ئادەمسىز جايدا يالغۇز قېلىشى. بۇ ئەھۋال خەتەرلىك تۇزاق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن مۆئمىن ئادەم مەھرىمى يېنىدا بولمىغان يات ئايال بىلەن يالغۇز قالمىسۇن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ قالىدۇ»[1]. دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

**6. ھارام نەزەر:** مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، كۆزلىرىنى تېيىماي باشقىلارنىڭ ئەۋرەت (كۆرۈش ھارام قىلىنغان) جايلىرىغا تىكىلىپ قارىشى. چۈنكى، كۆز قەلبنىڭ ئەينىكى، ھارام نەزەر بولسا شەيتاننىڭ زەھەرلىك ئوقىدۇر. ﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاكلىقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن»[1].

**7. مېدىيا ۋە كۆرۈش ۋاستىلىرىنىڭ چەكلەنمەسلىكى:** ئىنتېرنېت، تېلېفون ۋە تېلېۋىزورلار ئارقىلىق ھاياسىز كىنولارنى، ئەخلاقسىز سۈرەتلەرنى كۆرۈش ۋە تارقىتىش. ھەقىقىي نامەھرەملەرگە قاراش ھارام بولغان يەردە، ئېكران ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن يالىڭاچلىققا قاراشمۇ ئوخشاشلا ھارامدۇر ۋە قەلبنى ئۆلتۈرىدىغان گۇناھتۇر. ئاتا-ئانىلار بۇ جەھەتتە بالىلىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىشى لازىم.

**8. داۋالىنىشتىكى بىپەرۋالىق:** ئاياللار كېسەللىكلىرىگە كۆرۈنۈشتە، تامامەن ئايال دوختۇرلار تېپىلىپ تۇرغان شارائىتتىمۇ، بىپەرۋالىق قىلىپ، ئەر دوختۇرلارغا بېرىشى. ئىسلام قانۇنى بويىچە پەقەت ئايال دوختۇر تېپىلمىغان پەۋقۇلئاددە جىددىي ۋە ھايات-ماماتلىق ئەھۋال ئاستىدىلا («زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويىدۇ» دېگەن پىرىنسىپ بويىچە) ئايالنىڭ ئەر دوختۇرغا كۆرۈنۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەمما نورمال ئەھۋالدا قاتتىق چەكلىنىدۇ.

**9. ساتىراشخانىدىكى چەك-چېگرىسىزلىق:** ئاياللارنىڭ ئەر ساتىراشلارغا بېرىپ چېچىنى كەستۈرۈشى ۋە ياسىتىشى ياكى ئەرلەرنىڭ ئايال ساتىراشلارغا بېرىشى. ئايالنىڭ چېچى ئۇنىڭ زىننىتى، شۇنداقلا

---

[1] نۇر سۈرىسى: 30-31- ئايەتلەر.

نامەھرەملەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ھارام قىلىنغان ئەۋرەتتۇر. شۇڭا يات بىر ئەرنىڭ يات ئايالنىڭ چېچىنى سىلىشى، ياسىشى، كېسىشى قەتئىي ھارامدۇر. چاچ كېسىش جىددىي قۇتقۇزۇش ياكى ئۆزۈر ئەمەس، ئاياللار ئۈچۈن ئايال ساتىراشلار ھەممە يەردە تېپىلىدۇ.

**10. مەھرەمسىز ئۇزۇن سەپەرلەر:** مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئېرى ياكى مەھرەم تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى ۋە ياكى ئىشەنچلىك، دىندار ئاياللار گۇرۇپپىسى بولماي تۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز يىراق سەپەرلەرگە ئاتلىنىشى خەتەرلىكتۇر ۋە شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك مۇساپىگە مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى جائىز بولمايدۇ»[1] دېگەن.

**11. زىنا پاجىئەسىگە يېقىنلىشىش:** زىنا ئائىلە، ئەخلاق، ئىقتىساد، نەسىل ۋە جەمئىيەت سىستېمىسىنى بىراقلا گۇمۇرىدىغان يەر تەۋرەشتۇر. دۇنيادىكى بارلىق ساماۋى دىنلارنىڭ زىنانى قەتئىي مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى بۈگۈنكى ئىلغار تېببىي، ئىجتىمائىي ئىلىملەر ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلانماقتا. زىنا پەقەت روھنى كىرلەشتۈرۈپلا قالماي، ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ، نەسەبلەرنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ ۋە ساقايماس ئېغىر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «زىنا قىلماڭلار» دېمەستىن، بەلكى يۇقىرىقى بارلىق سەۋەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا: ﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَا إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾ «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر»[2] دەپ ئاگاھلاندۇرغان[3].

**خۇلاسە كالام:** ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى پەقەتلا ھەربىر مۇسۇلمان ئەركەكنىڭ غۇرۇرى، ھەربىر خانىم-قىزنىڭ ھاياسى ۋە چىن ئىمانى بىلەنلا قوغدىلىدۇ. ئىپپەت چېگرالىرىغا خىلاپلىق

[1] ئىمام بۇخارىي، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 32 – ئايەت.

[3] زىنا توغرۇلۇق «ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى»دېگەن بۆلۈمدە ئايرىم توختىلىمىز.

قىلىش بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى چۆكۈشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ياكى نابۇت بولۇشى ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر.

مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان:

**إنما الأمم الأخلاق مابقيت    فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا**

*ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر*
*ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.*

ئەخلاق ئەنە شۇنداق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل.

# پەرزەنت تەربىيەسى – ئاتا-ئانىنىڭ مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى رولى

پەرزەنت تەربىيەسى دۇنيادىكى بارلىق مۇرەككەپ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ نازۇك روھ قۇرۇلۇشىدۇر. بالىنىڭ قانداق ئىنسان بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىشتە، ئائىلە ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مۇئەسسەسە ۋە مائارىپ ئاپپاراتلىرىدىن ھالقىپ چۈشىدىغان قۇدرەتلىك ۋە تەڭداشسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئائىلە ئىنسانىيەرۋەرلىك ۋە ئادىمىيلىك ئۇرۇقلىرى چېچىلىدىغان تۇنجى مۇقەددەس تۇپراق، بالىلارنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەكتىپىدۇر. بۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن ساۋاقلار ۋە سىڭدۈرۈلگەن قىممەت قاراشلار ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىدە تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

قىسقىسى، بالا مەكتەپ يېشىغا تولغانغا قەدەر، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئالغان ئىجابىي ياكى سەلبىي تەربىيەسى كەلگۈسىدە ئۇنىڭ قانداق دۇنيا قاراشتىكى ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۇزۇل-كېسىل بەلگىلەپ قويىدۇ. چۈنكى، بوۋاقنىڭ قەلبى خۇددى قەلەم تەگمىگەن ئاپئاق ۋە پاكىز قەغەزگە ياكى داغ چۈشمىگەن سۈزۈك ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا دەسلەپتە قانداق نەقىش سىزىلسا، شۇ بىر ئۆمۈر ئۆچمەي ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاتا بىلەن ئانا بالا تەربىيەسىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك، شۇنداقلا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى جايىدا ۋە توغرا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي بۇرچىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۆزلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ.

شۇڭا ئاتا-ئانىلارغا تۆۋەندىكى تەييارلىقلارنى قىلىش كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1. بالا تەربىيەسى ۋە بالا پسىخولوگىيەسى ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي كىتابلارنى، خۇسۇسەن روھىيىتىمىزنى سۇغىرىدىغان ئىسلامىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇش.
2. گېزىت-ژۇرنال ۋە ساغلام ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىنى ئىزدىنىپ، بۇ ساھەدىكى تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرى ۋە رېئال تەجرىبىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش.
3. زامانىمىزدىكى ئائىلە ۋە بالا تەربىيەسى بويىچە ساۋات بېرىدىغان ئىلمىي كۇرسلار ۋە كۇرسانتلارغا سۇنۇلىدىغان پۇرسەتلەر بولسا، ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىش.
4. تەقۋادار ئۆلىمالارنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتكە تولغان ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ھەمدە ھاياتنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى كۆپ تېتىغان پېشقەدەم چوڭلارنىڭ مول تەجرىبىلىرىدىن ئۈزۈك ئېلىش.
5. ئۇن-سىن شەكلىدىكى تەربىيەۋى لېكسىيەلەرنى ئىزچىل ۋە كۆپ ئاڭلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش.

## بالا تەربىيەسىدىكى باش مېمار ــ ئانىنىڭ رولى

تەربىيەشۇناس مۇتەخەسسىسلەر بالىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ۋە پسىخىكىلىق يېتىلىشىدە ئانىنىڭ رولىنىڭ پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىكەنلىكىنى ۋە بالا تەربىيەسىدىكى بىرىنچى مەسئۇلىنىڭ چوقۇم «ئانا» بولۇشى كېرەكلىكىنى بىردەك تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئانىنىڭ مېھىرگە تولغان ئاق سۈتى بالىنىڭ تېنىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلى ۋە روھىنىمۇ ئوزۇقلاندۇرىدىغان بىرىنچى مەنبەدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەقىللىق ئانا بالىسىنى ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشقا كۆندۈرىدۇ؛ «ئۇنى ئاسرايمەن، چارچىتىپ قويمايمەن» دېگەن نىقاب ئاستىدا ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالماستىن، بەلكى ئۇنى مەلۇم دەرىجىدە ئەركىن قويۇپ بېرىپ، مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن يىراقتىن كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش، سىناپ بېقىش ۋە ئىستەكلىرىگە ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن يېتىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئەقلىي ۋە مۇستەقىللىق ئىقتىدارىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

بىر مەشھۇر تەربىيە مۇتەخەسسىسى ئۆز لېكسىيەسىدە مۇنداق تەسىرلىك سۆزلىگەن ئىدى: «بالا تۇنجى قېتىم ئاچچىق يىغىسى بىلەن مۇشۇ سىرلىق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ تونۇيدىغىنى ۋە ئىللىقلىق ھېس قىلىدىغىنىمۇ ئانا... تىلى چىقىپ تۇنجى بولۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چاقىرىدىغىنىمۇ ئانا... كېچىلىرى قاراڭغۇلۇقتا تېپىرلاپ، سىلاپ ۋە پۇراپ خاتىرجەملىك تاپىدىغىنىمۇ ئانا... سىرتتىن ھېرىپ ئۆيگە كىرگەندە دەسلەپ سورايدىغىنىمۇ ئانا... تۇيۇقسىز بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندە، چىقىش يولى ئىزدەپ ئاۋۋال چاقىرىدىغىنىمۇ ئانا! شۇڭا، ئانىلارنىڭ بالىلار قەلبىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇقەددەس ۋە تەۋرەنمەستۇر. ئانىنىڭ پەرزەنتكە بېرىدىغان مېھىر-مۇھەببىتى دېڭىزدەك چەكسىز، تاغدەك مىننەتسىزدۇر. ئانىنىڭ بالىنىڭ پسىخىكىسى ۋە خاراكتېرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى تومۇرغا سىڭگەن قان كەبى چوڭقۇردۇر».

كىچىك بالىلار ئانىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل نەمۇنە (ئۈلگە) سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن، سۆزىدىن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەينەن تەقلىد قىلىدۇ. دۇنيا تارىخىدىكى قانچىلىغان مەشھۇر دۆلەت ئەربابلىرى، ئالىملار ۋە قوماندانلار دەل ئاشۇ ئانىنىڭ ئىسسىق قوينىدا يېتىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي كۈچىنى ئاشۇرغان. ئانىسىدىن ئاڭلىغان قورقماس باتۇرلارنىڭ ۋە ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە قەلبىدە چەكسىز تەسەۋۋۇرلارنى، بۈيۈك ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈككەن ھەمدە كېيىنكى ھاياتىدا شۇ غايىسىگە يېتىپ، غەلىبە قازانغان قەھرىمانلارغا ئايلانغان.

شۇڭلاشقا، بالىنىڭ بىۋاسىتە ئۆز ئانىسىنىڭ قولىدا، ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا تەربىيەلىنىشى – ئۇنىڭ ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ مۇقەددەس ھەققىدۇر. بەزى ئانىلارنىڭ خىزمەت، پۇل تېپىش ۋە باشقا ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئۆز جىگەرپارىلىرىنى يات بالا باققۇچىلارنىڭ قولىغا ياكى سوغۇق يەسلىلەرگە تاشلاپ قويۇشى پەۋقۇلئاددە چوڭ خاتالىقتۇر. ھەتتا خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىمۇ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزلىرى مېھىر بىلەن تەربىيەلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى بالا باققۇچىلارغا ياكى مېھىرسىز ئاپپاراتلارغا تاپشۇرۇپ

قويۇشىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ پىسخىكىلىق ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە مەخسۇس ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئېلان قىلماقتا.

ئانىلىق دېمەك، ئۈستى-ئۈستىلەپ قۇربان بېرىش دېگەنلىكتۇر. خىزمەت، مەنسەپ، شۆھرەت، يۇقىرى مائاش ۋە سودا-سېتىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىمىز ۋە يۈرەك پارىمىز بولغان مۇشۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ. ئويلاپ باقايلى، بۇ ئالەمدە پەرزەنتتىن، ئۇنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن قىممەتلىك قانداق بايلىق بار؟ پەرزەنت تەربىيەسى ئانىلارنىڭ ۋاقتىنى، سىرتتىكى خىزمىتىنى، ھەرقانداق دۇنيالىق ئىشىنى، ھەتتا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىنىمۇ كېچىكتۈرۈپ قۇربان قىلىشقا تامامەن ئەرزىيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشتۇر.

ئانا مۇشۇنداق ئالىيجانابلىق بىلەن بارلىقىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان بېرىش نەتىجىسىدە، جەمئىيەتكە بالىلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك نەمۇنىلىك ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققاندىن باشقا، ئاللاھ تائالانىڭمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ. سەۋرچان ئانىلار ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئانا ھامىلىدار بولۇپ بالىسىنى تۇغقانغا ۋە تۇغۇپ ئەمچەكتىن ئايرىغانغا قەدەر ساۋاب جەھەتتە ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشايدۇ، ئانا شۇ ئەسنادا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىتلىك ئۆلۈمىدە كەتكەن بولىدۇ»[1].

## ئانىنىڭ تەربىيە جەريانىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسئۇلىيىتى

كىچىك بالىلار كۆپىنچە ۋاقتىنى ئانىسى بىلەنلا بىللە ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ قەلبىگە تۇنجى مەنىۋى ئۇرۇقنى دەل ئانا چاچىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى ئائىلە بولسا، تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم تەربىيەچىسى ئانىسىدۇر. شۇڭا، ئانا پەرزەنت تەربىيەسىدە تۆۋەندىكى نازۇك نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم:

[1] ئىبنى ھەممەدنىڭ «المسند» (مۇسنەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 801- ھەدىسى؛ دىلمى «فىردەۋس» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- توم، 208- بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان، 792- ھەدىس.

**1. ۋاقتىنى قولدىن بەرمەسلىك:** تەربىيەنى بوۋاقلىق دەۋرىدىنلا باشلاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ كىرسىز، پاك قەلبلىرىگە ئىمانىنىڭ نۇرى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ جەۋھەرىنى يەرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. «بالام تېخى كىچىك، سەل چوڭىغاندا، ئەقلىگە كەلگەندە ئاندىن تەربىيەلەشنى باشلايمەن» دەيدىغانلار ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇن دەۋرنى قولدىن بېرىپ قويغان، ئېغىر غەپلەتتە قالغۇچىلاردۇر.

**2. روھنىڭ ئوزۇقى – ھالالدىن يېيىش:** بالىلارنى كىچىكىدىنلا ھالال لوقما بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. ئۇلارنىڭ تېنىگە ھارام، شۈبھىلىك لوقما كىرگۈزۈشتىن گوياكى زەھەردىن ساقلانغاندەك قاتتىق ھەزەر ئەيلەش كېرەك. چۈنكى ھالال لوقما سالىھ پەرزەنتنىڭ ئاساسىدۇر.

**3. ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق ئۇسۇل قوللىنىش:** بالىلارنى تەربىيەلەشتە ئىلمىي بولۇش، بالىنىڭ يېشى ۋە پسىخىكىسىغا ماس ھالدا، قانداق ئەھۋالغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ۋە توغرا يېتەكلەشنى ياخشى بىلىش كېرەك.

**4. قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىدىن ساقلاش:** كىچىك بالىلارنىڭ روھىيىتى ناھايىتى سۇنۇق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق شارائىتتا، كېپىنى ئاڭلىتىمەن دەپ «جىن كەلدى»، «ئالۋاستى يەۋالىدۇ»، «ئەسكى ئادەم تۇتۇپ كېتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلارنى قورقۇتماسلىق لازىم. بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن چوڭ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۆيىدە يالغۇز يېتىشتىن قورقۇشى، قاراڭغۇلۇقتىن، ئېگىز ھاڭ ۋە كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈشتىن ۋەھىمىگە چۈشۈشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئۇلارنى كىچىك چېغىدا ئانىلىرى ئاشۇنداق قورقۇتۇپ ئۆگەتكەنلىكىدىن ۋە شۇ روھىي جاراھەتنىڭ ئۆمۈرلۈك داغ بولۇپ قالغانلىقىدىندۇر.

بالىلارنى بۇنداق قورقۇنچلۇق سۆزلەر بىلەن قورقۇتۇش ئۇلارنىڭ روھىي ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، بۇ بىر خىل ئوچۇق-ئاشكارا يالغانچىلىقتۇر. بالىلارنى يالغان گەپ ۋە ئالداش بىلەن

توغرا يولغا سالغىلى ياكى تەربىيە قىلغىلى قەتئىي بولمايدۇ. مۇنداق ئەخمەقانە تەربىيە ئۇسۇلى ھەرگىز ئۈنۈم بەرمەيدۇ، بەلكى كەلگۈسىدە بالىنى يالغانچى قىلىپ چىقىدۇ.

## بالا تەربىيەسىدىكى مەزمۇت تۈۋرۈك ــ ئاتىنىڭ رولى

ئەگەر ئانا مېھىر-مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى بولسا، ئاتا بالىلارنىڭ مەنىۋى بايلىقى، مۇستەھكەم قورغىنى، يۆلىنىدىغان ھەيۋەتلىك تېغى ۋە سۆيۈملۈك ئېپتىخارىدۇر. زامانىۋى ئىلمىي تەتقىقاتلار شۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدىكى، بالا بوۋاق چېغىدىن تارتىپلا مۇنداق ئىككى نەرسىگە ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولىدۇ: بىرى، شەرتسىز مېھىر-شەپقەت، يەنە بىرى، بىخەتەرلىك ۋە قوغدىلىش تۇيغۇسىدۇر.

بالىنىڭ مېھىر-شەپقەتكە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياجى ئۇنى مەھكەم ھالدا ئانىسىغا باغلىغاندەك، ئۇنىڭ پاناھلىق ۋە قوغدىلىشقا بولغان تەبىئىي ئېھتىياجى ئۇنى شۇنداق كۈچ بىلەن ئاتىسىغا باغلايدۇ. چۈنكى، مېھىر-شەپقەتنىڭ، نازاكەتنىڭ مەنبەسى ئانا بولسا، كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ، مەزمۇتلۇقنىڭ ۋە ئىشەنچنىڭ مەنبەسى ئاتىدۇر. خەلقىمىزدىكى «ئاتىسى بارنىڭ تېغى بار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز دەل مۇشۇ رېئاللىقنى تەسۋىرلەيدۇ؛ بالا ھاياتلىق بورانلىرىدا ئاتىسىغا تايىنىدۇ، چۈنكى ئاتا ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە بالىلارنىڭ مەنىۋى تېغىدۇر.

خۇددى باھار پەسلى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى بىلەن ياشناپ ۋە گۈللەپ تۇرغاندەك، بالىلارنىڭ گۆدەك قەلبىمۇ ئانا مېھرىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئىللىپ، يېشىللىنىپ تولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇچارقانات ئىككى قانىتىغا تەڭ تايىنىپ ھاۋادا كۆككە پەرۋاز قىلالىغاندەك، بالىمۇ ھاياتلىق بوشلۇقىدا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئۇچۇشى ئۈچۈن، ئاتا ۋە ئانىدىن ئىبارەت قوش قاناتقا تايىنىشى كېرەك. خۇددى بىرەر قانىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى سۇنغان ئۇچارقانات يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمەي يەرگە قونغاندەك، ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرەرسىنىڭ تەربىيەسىدىن ياكى مېھىر-شەپقىتىدىن يىراقتا قالغان بالىمۇ روھىي

جەھەتتىن پەرىشانلىقتا قالىدۇ.

بالا روھىي ئوزۇق ئېلىشتا ئانىسىغا قانچىلىك زور موھتاج بولسا، قەيسەرلىك ۋە جاسارەتتە ئاتىسىغىمۇ شۇنچىلىك زور دەرىجىدە موھتاج بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى خىل ئېھتىياج بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. بالىنىڭ ھاياتىدا ئاتىنىڭ ئۆزىگە خاس مەردانە رولى بولغىنىدەك، ئانىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مېھرلىك رولى بولىدۇ. شۇڭا، ھەرگىزمۇ ئاتىنىڭ بوشلۇقىنى ئانا ياكى ئانىنىڭ ئورنىنى ئاتا تولدۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاتىسى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ياكى قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇزۇن مەزگىل يېنىدا بولالمىغان بالا، تەسەللىي تېپىش ئۈچۈن تۇغقانلىرىدىن، ياكى قوشنىلىرىدىن ياكى تونۇشلىرىدىن بىرەر ئەرنى ئۆز قەلبىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، شۇنى ئۆزىگە نەمۇنە (ئىدېئال) قىلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ پىسخىكىسى كۈچلۈك بىر ھامىيغا داۋاملىق تۈردە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئاتا-ئانىنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ بالىسىنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇشى بولمىسا بولمايدىغان بىر زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇ خىل كوللېكتىپ مۇھىت بالىنىڭ پىسخىكىلىق، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ھەم مۇكەممەل ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان بىردىنبىر ئامىلدۇر.

## جەمئىيىتىمىزنىڭ كېسەل نۇقتىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش

مېنىڭ ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز جىگەرپارىلىرىنى تەربىيەلەش ئىشىدا ئۆز-ئارا ھەمكارلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تەقسىماتى تولۇق ۋە ساغلام ئەمەس. بۇ سەلبىي ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى مۇنداق ئۈچ چوڭ نۇقتىدىن ئانالىز قىلىش ۋە چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1. **«بالا بېقىش ئايالنىڭ ئىشى» دەيدىغان خۇراپات:** بىزدە ئەسىرلەردىن بېرى «بالا دېگەننى پەقەت ئانىسى باقىدۇ، كىر-قاتلىرىنى ئايال يۇيىدۇ» دەيدىغان قالاق ۋە ئاساسسىز سەپسەتىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى كۆرۈلمەكتە. شۇ خاتا ئىدىيە سەۋەبلىك،

نۇرغۇن ئەرلەر بالىلىرى بىلەن روھىي ئالاقە قۇرۇش بىلەن كارى بولماي، تەربىيە ۋە پەرۋىش ئىشىنى پۈتۈنلەي ئانىغىلا ئارتىپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بەزى ئۆيغۇر ئەرلىرى ئىچىدە كوچىلاردا ئۆزىنىڭ تېنىدىن تۆرەلگەن، جېنىدىن ئەزىز پەرزەنتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشتىن ياكى مەھەللىدە بالىسىنى يېتىلەپ سىرتقا چىقىشتىن «نومۇس قىلىدىغان»، ئەرلىك قىياپىتىمگە سەلبىي تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارايدىغان قىپقىزىل نادانلارمۇ بار. بۇ دەل سىپىي ئۆزىدىن ئەبگالىقتىن، ھەقىقىي مەردانىلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

**2. «ئەر دېگەن تالانىڭ ئادىمى» دەيدىغان خاتا چۈشەنچە:** «ئەر پەقەت كوچىنىڭ، تالانىڭلا ئادىمى، ئەر ئۆيگە پەقەت پۇللا ئەكەلسە بولىدى» دەيدىغان زىيانلىق ۋە خاتا سۆز كۆپلىگەن ئاتىلارنى «ئۆيگە پۇل ئەكەلدىم، يوقنى بار قىلىپ بەردىم، مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدى» دەيدىغان پاسسىپ قانائەتكە ئەكىلىپ قويغان. بۇ سەۋەبتىن، ئاتىلار ئۆي ئىچىدىكى يېسىخىكىلىق ۋە تەربىيەۋى ۋەزىپىسىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. نەتىجىدە، بۇنداق ئاتىلار بالىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە تەربىيە ئىشلىرى بىلەن پۈتۈنلەي كارى بولمىغان بىر «يات ئادەم» گە ئايلىنىپ قالغان.

بىز بۇ زەھەرلىك ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنى دەرھال تۈزىتىشىمىز كېرەك. بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك يولباشچىمىز، شۇنداقلا ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئالىي ئۈلگىمىز بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە بىر پۈتۈن ئۇممەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولسىمۇ، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان ئاتىغا ئوخشاش ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن تىنجىماي تىرىشاتتى ۋە ئىشلەيتتى. شۇنداقلا، ئۆي ئىچىدىكى ئائىلىۋى مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ، ھەتتا ئەڭ ئۇششاق ئىشلارنىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە تولۇق ئادا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆي ئىچىدە قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى توغرىلىق سورالغىنىدا، ئۇ

ئانىمىز ئىپتىخارلىق بىلەن: «رەسۇلۇللاھ ئۆيىدە باشقا ئاددىي ئىنسانلارغا ئوخشاش سىلىق-سىپايە بىر ئىنسان ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى يامايتتى، ئائىلىسىنىڭ ماللىرىنى ئۆزى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. مانا بۇ ھەقىقىي ئەرلىك ۋە مەردانىلىكتۇر!

**3. ۋاقىت باھانىسى:** خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى، تىجارەتنىڭ بېسىمى ياكى تولا سەپەر قىلىش قاتارلىق باھانە-سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاتىنىڭ ئۆيدە بالىلىرى بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئازلىقى بىر رېئاللىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مۇشكۇل ۋەزىيەتنىمۇ ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەلۋەتتە تېپىلىدۇ. چۈنكى، ۋاقىت مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئاتا ئۆزىنىڭ مۇرىسىدە بالىلىرىنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى يۈرىكىدىن ھېس قىلسا ۋە بۇ ئىشنىڭ كىچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان تەخىرسىزلىكىنى ھەقىقىي چۈشەنسە، چوقۇم بىر چارىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن: ئائىلە ئۈچۈن مەخسۇس جەدۋەل تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىنىمۇ سىقىپ چىقىرىپ رەتكە سېلىشقا، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ كەچلىك تاماقنى بالىلىرى بىلەن بىللە يېيىشكە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي ئائىلىسىگە ئاجرىتىشقا ئوخشاش چارىلەر كۆپ.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «ئاتا» بولۇش ئىنتايىن ئاسان. فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن بالا تاپقان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا «ئاتا» دېگەن نامغا ئىگە بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى «ئاتىلىق» بۇرچىنى ئادا قىلىش، مەردانە بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش سەنئىتى بەكمۇ قىيىن ۋە جاپالىقتۇر. دېمەككى، ئاتىنىڭ ئائىلە ۋە پەرزەنت تەربىيەسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى پەۋقۇلئاددە چوڭ بولغىنىدەك، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىردۇر.

[1] ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى.

## ئاتىنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان سېھىرلىك تەسىرى

بالىنىڭ پىسخىكا جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى يول بىلەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ:

**1. بىۋاسىتە تەسىر (قورغان بولۇش):** ئاتا بالىسىنىڭ يېنىدا بىللە بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئويناش ۋە سىرداش بولۇش جەريانىدا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى خەۋپ-خەتەردىن ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق بالىسىغا بىۋاسىتە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالا ئۆز نەزىرىدە ئاتىنى مۇتلەق ئامانلىق ۋە بىخەتەرلىك مەنبەسى دەپ بىلىدۇ، ئۇ ئاتىسىنى ئۆز قەلبىدە ئىنتايىن كۈچلۈك، يېڭىلمەس بىر قەھرىمان ھىمايىچىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. گۆدەك بالا ئاتىسىنى «ھەممە ئىشنى توغرا قىلىدىغان، ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان ۋە ھېچقاچان خاتا ئىش قىلمايدىغان بۈيۈك زات» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتە ۋە دوستلىرى ئارىسىدا ئاتىسىدىن ھەمىشە مەغرۇرلىنىپ پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئۈلگە ئۆگىنىدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشتىن ئەڭ چوڭقۇر خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ھېس قىلىدۇ.

**2. ۋاسىتىلىك تەسىر (ئانىنى سۆيۈش):** ئاتا ئايالىغا ئۆي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە ئەر-ئاياللىق مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلەش جەريانىدا، بالىسىنىڭ روھىيىتىگە ئاجايىپ بىر ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بىر ئايال ئۆز ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى گۆھەردەك ئاسراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى يايراپ، مەنىۋىيىتى چەكسىز دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. خۇشال ۋە مەمنۇن بولغان ئانا بالىسىغىمۇ چەكسىز مۇھەببەت بېغىشلايدۇ. بۇ ئىناقلىقنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ پىسخىكىسىغا ئۇكسىگېنىدەك سىڭىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بالا دەل مۇشۇ خىل مۇھىتتا، ئاتىسىنىڭ ئانا-بالا ئىككىسىگە قىلىۋاتقان قىزغىن غەمخورلۇقىدىن ئائىلە ئىناقلىقىنى، ھەقىقىي خاتىرجەملىكنى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتنى

تېتىيدۇ.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بالا پەقەتلا ئانىسىنىڭلا بالىسى ياكى خۇسۇسىي مۈلكى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەم ئانا، ھەم ئاتا ئىككىلىسىنىڭ قان-تومۇرىدىن ئاپىرىدە بولغان ئورتاق پەرزەنتتۇر. «بالىنى پەقەت ئانىلا بېقىشى كېرەك، كىرنى پەقەتلا ئايال يۇيۇشى كېرەك» دەيدىغان بىرەر ساغلام پەلسەپە ياكى ئىلاھىي دىن ياكى ئىنسانىي قانۇن بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. بالىنى ئاتا ۋە ئانا ئىككىسى مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىللە باقىدۇ. بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداپ ئالماشتۇرۇش، يىغلىسا كۆتۈرۈپ پەس قىلىش ۋە ئەللەيلەش، قورسىقى ئاچقاندا تويغۇزۇش، كېچىسى ئۇيقۇسىدا يوتقىنى ئېچىلىپ قالسا ئاستا يېپىپ قويۇش، كېسەل بولۇپ قالسا كارىۋىتى بېشىدا ئۇخلىماي پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى گەرچە كۆپىنچە ئەھۋالدا ئانا ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئاتىمۇ مېھىر-شەپقىتى بىلەن قىلسا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ توغرا ۋە ئاجايىپ ياخشى بولىدۇ. بەلكى، بۇنداق قىلىشى ۋە جاپاكەش ئايالىغا ھەر ۋاقىت ھەمكارلىششى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ئىشتۇر.

بۇ ئۇششاق كۆرۈنگەن، ئەمما ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ئەر ئايالىغا ياردەملىشىپ بالىنىڭ بۇ خىزمەتلىرىنى ئۆزى قىلسا، ياكى مەشغۇلات سەۋەبىدىن قىلمىغان كۈنلىرىمۇ ئۆز ئىشخانىسىدا ياكى دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ بولسىمۇ، ئۆيگە تېلېفون قىلىپ: «قانداق ئەھۋالىڭىز؟ چارچاپ قالمىغانسىز؟ بالىلار قانداقراق؟» دەپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ قويسا، ئۇلارنىڭ روھىيىتى ۋە مەنىۋىيىتى كۆتۈرۈلۈپ، ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئائىلىنىڭ بەرىكىتى نەچچە ھەسسە ئاشىدۇ.

## ئايال ئېرىگە (ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇشتا) قانداق ياردەم قىلىشى كېرەك؟

ئاتا ئۆزىنىڭ «ئاتىلىق» بۇرچىنى مۇكەممەل ئادا قىلىش ۋە بالىسىنىڭ تەربىيەسىنى يۇقىرى سەۋىيەدە ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىشىدا چوقۇم ئانىنىڭ ھېكمەتلىك ياردىمىگە ۋە ماسلىششىغا موھتاج. ئەقىللىق ئانا ئاتىغا تۆۋەندىكىدەك ھالقىلىق تەرەپلەردىن ياردەمچى ۋە ئىتتىپاقداش

بولىدۇ:

**1. تەربىيەدە بىرلىك سەپ قۇرۇش:** بالىنى تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىدا ۋە پىرىنسىپلىرىدا ئاتا-ئانا ئىككىسى چوقۇم ئالدىن بىرلىككە كېلىۋېلىشى ۋە پىلان تۈزۈشى لازىم. بۇ پىلان ئانا تېخى ھامىلىدار بولۇشتىن ئاۋۋال، ھەتتا ياشلار توي قىلغاندىن كېيىنلا مەسلىھەت-لىشىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. ئاتا- ئانىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ۋە تەلەپلىرى بىردەك بولماستىن، ئاتا باشقا ئۇسۇل بىلەن چىڭ تۇتۇپ، ئانا باشقا ئۇسۇل بىلەن بوشاشتۇرۇپ يول تۇتسا، بالا تەربىيەسىدە ئۇلار قەتئىي غەلىبە قىلالمايدۇ. ھەتتا بالا چوڭ بولغاندىمۇ، ئاتا بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئانا ئۇنىڭغا قارشى باشقا نەرسە دەپ تۇرۇۋالسا، بالىنى ئارىدا قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىممەت قارىشىنى ۋەيران قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا قايسى ئىشقا رۇخسەت، قايسى ئىش چەكلىنىدۇ، دېگەن تەربىيە ئۇسۇلىدا ئاتا-ئانا يېپىق ئىشىك ئارقىسىدا پۈتۈشۈپ، بالا ئالدىدا قەتئىي بىرلىككە كېلىۋېلىشى زۆرۈر.

**2. ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ۋاكسىنىسىنى ئەملەش:** بالا مەكتەپ يېشىغا كېلىپ جەمئىيەتكە قەدەم بېسىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئاق قەغەزدەك قەلبىگە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ نۇرىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈش؛ ئۇنى ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سۇغىرىپ تەربىيەلەپ، ئۇنىڭغا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ھەقىقىي ئادىمىيلىكنى ئۆگىتىش ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ بۇرچى ھەمدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ گەدىنلىرىگە ئارتىلغان ئەڭ مۇھىم ئامانەتتۇر. چۈنكى، ھازىرقى زامان مەكتەپلىرى بالىلارغا سىستېمىلىق ئىلىم-پەن، تېخنىكا بىلىملىرىنى بەرگەننىڭ سىرتىدا، باشقا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتەلىگەن بىلەن، ئەڭ ئالىي خىسلەت بولغان «ئادىمىيلىك» ۋە «ئىمان»نى ھەرگىز بېرەلمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئائىلىلا بېرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتېئىزم (خۇداسىزلىق) ئىدىيەسى مەجبۇرىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتىلىدىغان دۆلەتلەردىكى ۋە جەمئىيەتلەردىكى مەكتەپلەرگە، مۇسۇلمان بالىلىرىنى قەلبى ۋە مېڭىسى بوش، ھېچقانداق دىنىي ئىممۇنىتېت كۈچى يوق ھالەتتە تاشلاپ بېرىش بىر

ئائىلە ئۈچۈن ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت ۋە ئۆز ئەۋلادىنى ئۇتقا ئىتتىرىشتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ھەرقانداق بالا ئىسلام فىترىتى (ساپ تەبىئىتى) بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خرىستىيان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي (ئاتەشپەرەس) قىلىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسىنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا ئاتا-ئانا بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە دىنسىز بولۇپ كېتىشىدىن ۋە توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشىدىن قىيامەتتە بىۋاستە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئەگەر بالا مەكتەپكە بېرىش ۋە ئارىلىشىشتىن بۇرۇن توغرا بولغان ئىمان ۋە ساپ ئىسلامنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز مېڭىسىگە ۋە يۈرىكىگە ئۆچمەس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن مەكتەپكە بارغاندا، شۇ مۇھىتتا ئىسلامغا قارشى تۈرلۈك زەھەرلىك ئىدىيەلەرنى ئاڭلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمانى قىلچە تەۋرەنمەيدۇ ۋە قايمۇقۇپ ئېزىپ كەتمەيدۇ. بۇ بالىغا مېڭە ۋاكسىنىسى ئۇرغانغا ئوخشاش ناھايىتى مۇھىم ۋە ھالقىلىق بىر نۇقتا بولۇپ، پەرۋاسىز ئاتا-ئانىلارنىڭ تولىسى دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئېغىر غەپلەتتە قالماقتا.

**3. ئىدىيەۋى مۇھاسىرىگە قارشى پسىخىكىلىق ھازىرلىق:** بالىنى پسىخىكا ۋە ئىدىيە جەھەتتىن مەكتەپ مۇھىتىغا ھازىرلاش ئىشىدا، ئانا ئاتىغا ياردەملىشىپ ناھايىتى سەزگۈر ۋە ئاكتىپ رول ئوينىشى لازىم. مەسىلەن، بالىسىغا مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك: «ئەي ئوماق بالام، سېنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشۇڭ بەكمۇ زۆرۈر. چۈنكى، سەن ئۇ يەردە تەرەققىياتقا يېتەكلەيدىغان ھەر خىل ئىلىم-پەن، ماتېماتىكا، فىزىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋەھاكازالارنى ئۆگىنىسەن، نەتىجىدە، بىلىملىك، يارامىلىق ئادەم بولىسەن. ھەممىنى تىرىشىپ، ياخشى ئۆگىنىشىڭ لازىم. ئەمما دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىدېئولوگىيە مەسىلىسىدە چوقۇم ئېھتىيات قىل؛ سېنىڭ ئۆيدە بىزدىن ئۆگەنگەنلىرىڭ مۇتلەق توغرا ۋە ھەقىقەتتۇر. مەكتەپتە ساڭا مەجبۇرىي دېيىلىدىغان ‹ئادەم

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

مايمۇندىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن، دۇنيا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان› دېگەندەك سۆزلەر پۈتۈنلەي كۇلكىلىك سەپسەتە ۋە قىپقىزىل يالغان سۆزلەردۇر. چۈنكى كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى پەقەتلا ئاللاھ تائالا ياراتقان» دېيىش ئارقىلىق بالىنى ئىدىيەۋى جەھەتتىن ھازىرلاش ۋە قوراللاندۇرۇش ئىشىنى ئاتا بىلەن ئانا بىرلىكتە مۇكەممەل ئورۇندايدۇ.

**4. مەكتەپتىن قايتقاندىكى تەكشۈرۈش ۋە يېتەكلەش:** بالا ھەر كۈنى مەكتەپ-تىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى سوراۋشتە قىلىش، كىچىك تۇيغۇلىرىنىمۇ ئاڭلاش، خىيالىدىكى سوئاللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىش؛ خۇسۇسەن، ئەقىدە تەرەپتىن يېقىندىن كۆزىتىپ، ئىدېئولوگىيە ۋە تەلىمات جەھەتتە مەكتەپتە نېمىلەرنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىنى، زادى قانداق ئىدىيەۋى ۋە پەلسەپەۋى دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ سوراش كېرەك. ئەگەر بالا خاتا ياكى زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا دەرھال توغرا چۈشەنچە بىلەن تۈزىتىش بېرىش، روھىنى تازىلاش ۋە بالىنىڭ پەننىي ئۆگىنىشلىرىگىمۇ ياردەم بېرىش ئىشىدا ئانا ئاتىغا زور ياردەمچى بولۇپ، ئۆزئارا ئىش تەقسىماتى ۋە ۋاقىت پىلانى قىلىۋېلىپ، ئۆگىنىش ئىشىدا بالىسىغا ھەر ئىككىلىسى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىقى بىلەن ياردەم بېرىدۇ.

**5. ئاتىنىڭ ئوبرازىنى قوغداش:** ئايال ئېرىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىشى ۋە ئېرى ھەققىدە ھەمىشە ياخشى ئويلاردا، ئالىي ھۆرمەتتە بولۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، باللىرىغا ھەر ۋاقىت ئاتىسىنى ماختاپ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى، يېتەرسىزلىك ياكى ئەيىبلىرى بولسا ئۇنى پەرزەنتلىرىدىن يوشۇرۇشى لازىم. بۇ بالا تەربىيەسىدىكى پىسخىكىلىق قۇرۇلۇشتا ناھايىتى سەزگۈر ۋە مۇھىم ئىش بولۇپ، ئەكسىچە بولغاندا (يەنى ئانا دائىم ئاتىنى كەمسىتسە)، بالىنىڭ ئاتىسىغا بولغان تايىنىش ئىشەنچىسى ۋە تەبىئىي ھۆرمىتى بىردىنلا سۇسلىشىپ كېتىپ، كېيىنچە ئاتىسىنىڭ نەسىھەت سۆزىگە قەتئىي قۇلاق سالمايدىغان، تەتۈر بىر ئەۋلاد بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، بىر-بىرىگە ئىشىنىش، ياخشى گۇمان ۋە ئويلاردا بولۇش، كەينىدىن

ياخشى تەرپلەش قاتارلىق خىسلەتلەر ئائىلىدە كۆكلەيدىغان مېھىر-مۇھەببەت دەرىخىنىڭ جانلاندۇرغۇچى ئۇرۇقلىرىدۇر.

**6. مۇھەببەت كۆۋرۈكىنى ياساش:** ئانا باللىرىنىڭ ئاتىسىنى تېخىمۇ كۆپ، يۈرەكتىن ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە ئاماللارنى قىلىشى لازىم. چۈنكى، باللار كۆپ ھالللاردا ئاتىسىغا پەقەتلا ئانىسىنىڭ كۆزى، ئانىسىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن قارايدۇ. بەزىدە ئانىسى تۇرمۇش ئاچچىقىدا ئاتىسىدىن رەنجىپ قالسا، سەزگۈر باللارمۇ ئۆزلۈكىدىنلا ئاتىسىدىن رەنجىپ، سوۋۇپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە تەتۈر قارىتىلىپ، ئاتىسىغا سۆزمۇ قىلماي دۈشمەنلىشىپ كېتىدۇ.

چۈنكى بەزى كىچىك باللار ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەردە خاتالىقنىڭ كىمدە، نېمىدە ئىكەنلىكىنى ئانالىز قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا، دائىم كۆزى ئالدىدا بولغان ئانىسىغا يان بېسىپ، ھامان ئاتىسىنى ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر باللار ئاتىسىنى چىن قەلبىدىن سۆيمىسە ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىمىسە، ئائىلىدىكى تەربىيە ئىشى پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ ۋە مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالدا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ۋە گۇناھىنى بىۋاسىتە ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى باللارنى ئاتىسىدىن سوۋۇتقان كىشى دەل ئانىنىڭ ئۆزىدۇر.

**7. تەنقىدتىن ساقلىنىش:** ئايال ئېرىنى ھەرگىزمۇ باللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەيىبلىمەسلىكى، يۈزگە سېلىپ تەنقىدلىمەسلىكى ۋە ۋارقىرىماسلىقى لازىم (مەسىلە بولسا ئايرىم، يېپىق ئۆيدە ھەل قىلىنىشى كېرەك). ئانا ئەگەر شەخسىي ئاچچىقى بىلەن شۇنداق قىلسا، ئاتىنىڭ باللىرى ئالدىدىكى مۇقەددەس ھەيۋىسى، قەھرىمانلىق ئوبرازى چاقماق تېزلىكىدە يوقىلىپ چۈۋۈلۈپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، باللار غۇرۇرى سۇنغان ئاتىسىنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۆز دادىسىنىمۇ كۆزگە ئىلمىغان خۇيى يامان باللار، كېيىن جەمئىيەتتە، مەكتەپتە يەنە كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، دەيسىز؟!

**8. ئەرنىڭ غۇرۇرىنى قەدىرلەش:** ئايال بەزى تالاش-تارتىشلاردا ئۆزى

قانچىلىك ھەقلىق بولۇپ كەتسىمۇ، ئېرىنى «سەن بىر يارامسىز، قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدۇ»، «سەن قاچاندىن بېرى ئەر بولۇپ قالدىڭ، ئەردەك ئەمەسسەن» دېگەنگە ئوخشاش ئەرنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسى ۋە جان تومۇرى بولغان غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىدىغان، ئۇنى يەرگە ئۇرىدىغان زەھەرلىك سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى بىر ئاتا ھەر قېتىم شۇنداق يېتەرسىزلىك ۋە كەمسىتىش بىلەن ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەيدىغان، كۆپرەك ۋاقتىنى سىرتتا، دوستلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزىدىغان بىزارلىق پەيدا بولىدۇ؛ ھەتتا ئاقىۋەتتە ئائىلىدىن قېچىپ، كۆڭۈل ئاۋۇنچى ئىزدەپ سىرتقا قارايدىغان بولۇپ قېلىشى، يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئاندىن بۇ ئائىلە پاجىئەسىنىڭ زىيىنىنىڭ ئەڭ چوڭىنى ۋە كۆپرەكىنى بىگۇناھ بالىلار تارتىدۇ.

**9. ئۆينى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش:** ئاتا سىرتنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىدىن ھېرىپ ئۆيگە كىرگەندە، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيدىكى ئۇششاق-چۈششەك قىيىنچىلىقلاردىن، بالىلارنىڭ ئەدەپسىزلىكى ياكى ئىقتىسادىي يېتەرسىزلىكلەردىن ئارقا-ئارقىدىن سۆز ئېچىپ، قاقشاپ كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئايال ھەر قېتىم ئېرى ئۆيگە قەدەم بېسىشى بىلەنلا ئۇنى شۇنداق روھىي جەھەتتىن راھەتسىز قىلىپ ۋە قىيناپ يۈرىۋەرسە، ئەرنىڭ ئۆيدىن ۋە ئايالىدىن كۆڭلى تېزلا سوۋۇپ كېتىدۇ، ئۆيگە قايتىشنى بىر ئازابقا ئوخشىتىپ قالىدۇ. بۇنىڭ زىيىنىنى ئاخىرىدا بىگۇناھ بالىلار ۋە ئاشۇ نادان ئانا بىرلىكتە تارتىدۇ.

**10. داستىخان مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش:** ئاتا تالادىن كىرگەن ھامان، ئايالىنىڭ ئىسسىق داستىخاننى ھازىرلاپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بالىلارنى چاقىرىپ، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ داستىخاننىڭ ئەتراپىغا ئىللىق توپلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىشى كېرەك. تاماق يەپ ۋە چاي ئىچىپ بولغۇچە ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا سەممىي ئەھۋاللىشىشتىن ۋە مۇڭدىشىشتىن باشقا زېرىكىشلىك، ئارتۇق سۆزلەرنى قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى، كۈن بويى سىرتتا ئىشتىن چارچاپ كەلگەن بىر ئادەم

ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ۋە قوشنىلارنىڭ غەيۋەتلىرىنى، ئائىلىنىڭ تۈگىمەس ئەرز-شىكايەتلىرىنى، باللىرىنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى ۋە ئۆينىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس قىيىنچىلىقلىرىنى دەل تاماق ئۈستىدە ئاڭلاش ھەقىقەتەنمۇ تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر كېلىدۇ ۋە ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆچۈرىدۇ، قۇتىنى قاچۇرىدۇ.

**11. مېھنەتكە تەشەككۈر ۋە قانائەتكە ئۈندەش:** ئايال ئېرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە باللارنى بېقىش يولىدا تارتىۋاتقان جىسمانىي ۋە روھىي جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ھەمىشە چىن قەلبىدىن قەدىرلەپ، تىلغا ئېلىپ، رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشى لازىم. مۇنداق قىلىش ئەر ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن قىلىنغان ئەڭ چوڭ قوللاشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەقىللىق ئانا باللىرىغىمۇ ئاتىسىنىڭ بۇ ھالال مېھنەتلىرىنى ۋە تۆككەن تەرلىرىنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ، قانائەت بىلەن ئاددىي-ساددا كىيىنىش ۋە نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئاددىي يېيىشكە ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى لازىم. مانا بۇ ساغلام بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈشتىكى ھەقىقىي مەكتەپ ۋە مۇكەممەل ئائىلە تەربىيەسىدۇر!

## تەربىيەنىڭ ئالىي غايىسى

تەربىيە ئىنسان روھىنى يورۇتۇش ۋە ئادىمىيلىك قىممىتىنى ئويغىتىش سەنئىتىدۇر. تەربىيەنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئالىي غايىسى بالىلارنى پەقەتلا بىلىم ئىگىسى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى چىن مەنىدىن بەختلىك قىلالايدىغان، ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالانى رازى قىلالايدىغان، دىنىغا، مىللىتىگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تۈگىمەس مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان، ھاياتلىقىقا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان يارامىلىق، چىن مۇسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ھەقىقىي مەنىدە «چىن مۇسۇلمان» بولۇش داڭلىق دوختۇر، ماھىر ئىنژېنېر، ئاتاقلىق فىزىكا ياكى بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن، بىرەر ئالىي ھۈنەرنىڭ ئۇستىسى بولۇشتىن، قىسقىسى، دۇنيادىكى بارلىق ئۇنۋان ۋە مەنسەپلەردىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بۈيۈك مەرتىۋىدۇر. چۈنكى، كەسىپ ئىنساننىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ھەل قىلسا، چىن ئىمان ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتىنى نۇرغا تولدۇرىدۇ، ئىككىلى ئالەملىك بەخت-سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئويغىنىشى شەخسلەرنىڭ ئەنە شۇنداق چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇشىدىن باشلىنىدۇ. قەلبلەر ئىمان بىلەن سۇغىرىلغاندىن كېيىن، ئاندىن زاماننىڭ ماددىي ئىمكانىيەتلىرىگە تايىنىپ، ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل ساھەلەردە مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىشىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىغاندىلا، قەلبىدە تەقۋالىق، كۆيۈمچانلىق ۋە مۇھەببەت بولغان مۇسۇلمان دوختۇر، مۇسۇلمان مۇئەللىم، مۇسۇلمان دېھقان، مۇسۇلمان تىجارەتچى،

مۇسۇلمان كادىر، مۇسۇلمان ئىشچى ۋە مۇسۇلمان ھۈنەرۋەنلەر بارلىققا كېلىپ، مېھىر-شەپقەت ۋە ئادالەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. مەشھۇر ئالىم ئىمام ھەسەن ئەلبەننا بۇ ھەقىقەتنى يەكۈنلەپ: «چىن مۇسۇلمان تېپىلغان يەردە غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بارلىق ئامىللىرىمۇ تېپىلغان بولىدۇ» دېگەن دانا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## چىن مۇسۇلمان بولۇش دېگەن نېمە؟

چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىك قانداقتۇر ناماز، زاكات، روزا، ھەج دېگەندەك ئاشۇ چەكلىك ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان ئىلاھىي ئۆلچەمدە ياشاشنى، كۈندىلىك يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز، كىشىلىك مۇئامىلە قاتارلىق ھاياتنىڭ بارلىق ساھەسىنى قۇرئان ۋە سۈننەت سىزىپ بەرگەن گۈزەل قېلىپقا كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ياكى بايلىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە، يەنى تەقۋالىقىغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ شەرەپلىك ئۇنۋانى دەل «تەقۋالىق» تۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە بىزگە: ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر»[1] دەپ تەلىم بېرىلگەن.

چىن مۇسۇلمانلىق ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان ئىچكى دۇنياسىدىن (قەلبىدىن) باشلىنىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى دۇنياسىدىن كۆركەم، نۇرلۇق ۋە پاكىز بولغاندا، ئۇنىڭدا چىن مۇسۇلمانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. مۇبادا ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە ئىبادەتلىرى كۆركەم بولۇپ، ئەمما قەلبى قاراڭغۇ ۋە كىبىر، ھەسەت، رىياغا تولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئوتتۇرىغا قورقۇنچلۇق مۇناپىقلىق كىرىپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلارنىڭ

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13- ئايەت.

سىرتقى كۆرۈنۈشى زىننەتلىك بولغىنى بىلەن، ئىچكى دۇنياسى ۋەيران بولغان خارابىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

- **ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ مۇتلەقلىقى:** چىن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالامىتى ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن، ھەتتا ئۆز جېنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇشىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋايىغا يەتمىگۈچە ئىنسان قەلبىدىكى ئىمان تولۇقلانمايدۇ. بۇ سۆيگۈ ئاللاھ تائالانى لايىقىدا ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا شەرتسىز ۋە تولۇق ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.
- **ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش:** چىن مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىدا ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇتلەق ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ياراتقۇچىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت: ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش، ئۇنىڭ چەكسىز رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش، ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن ھەزەر ئەيلەش، بارلىق ئىشلاردا پەقەت ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەش ۋە بۇيرۇقلىرىغا باش ئېگىشتەك گۈزەل ھالەتلەر بىلەن نامايان بولىدۇ.
- **بەندىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش:** چىن مۇسۇلمانلىق پەقەت خىلۋەتتىكى ئىبادەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى جەمئىيەتتە ھەربىر كىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم جەمئىيەتتە ئەڭ مەسئۇلىيەتچان شەخس، ئائىلىسىدە مېھرىبان ئەزا، مەھەللىسىدە كۆيۈمچان قوشنا ۋە ئىش ئورنىدا ئەڭ سەممىي خىزمەتداش بولىدۇ. ئۇ ئايالى ئۈچۈن ۋاپادار ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈمچان ئاتا (ياكى ئانا)، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ياخشى پەرزەنت، ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن ئىشەنچلىك دوست بولالايدۇ.
- **سۆيگۈ ۋە نەپرەتنىڭ ئۆلچىمى:** چىن مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىدىكى سۆيگۈ ۋە نەپرەتنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئۇ ياخشىلىق

يولىدا ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەستىن ئىلگىرىلەيدۇ، يامان ئىشلاردىن قاتتىق يىرگىنىپ يىراق تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسانىي ئاجىزلىقى سەۋەبلىك خاتالىشىپ ياكى بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ قالغان ھامان دەرھال تەۋبە قىلىپ، پۇشايمان ياشلىرى بىلەن توغرا يولغا قايتىشنى بىلىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاق — چىن مۇسۇلماننىڭ كىملىكىدۇر

چىن مۇسۇلمان خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ؛ ئۇ نەگىلا بارمىسۇن، كىم بىلەنلا ئۇچراشمىسۇن، خۇددى گۈلنىڭ يېقىملىق ھىدى ئەتراپقا خۇشپۇراق چاچقىنىغا ئوخشاش كىشىلەرگە شۇنداق ئېسىل ۋە ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم مۇئامىلە قىلغان ئادەم ئۇنىڭ سەممىيىتىگە مەپتۇن بولۇپ يەنە مۇئامىلە قىلغۇسى كېلىدۇ، ھەمسۆھبەت بولغان ئادەم ئۇنىڭ ھېكمىتىگە قايىل بولۇپ يەنە سۆھبەتتە بولغۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، چىن مۇسۇلمان ئادەم خۇددى زېمىننى يورۇتقان قۇياشتەك ئىللىق بولۇپ، جورىسىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، قوشنىلىرىنىڭ ۋە يۇرت-جامائىتىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئۆزىنىڭ سەممىي مېھىر-مۇھەببىتى، ساداقىتى، گۈزەل خۇي-پەيلى بىلەن ھەمىشە يورۇتۇپ ۋە ئىللىتىپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەل ئەنە شۇنداق مۇكەممەل ئەخلاق ئىگىسى ئىدى. ئۇ زات ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ تەڭداشسىز گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن، چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە، ۋەھشىيلىك ۋە نادانلىق قاپلىغان پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىلاھىي نۇرغا تولدۇرغان.

### ئەمەلىيەتنىڭ كۈچى:

چىن مۇسۇلمان ئادەم ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم پەرزلەردىن بىرى بولغان «كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ بۇرچىنى پەقەتلا قۇرۇق سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ

ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. مەلۇمكى، ئېغىز بىلەن قىلىنىدىغان ۋەز-نەسىھەتنى ھەر جايدا ۋە ھەركىمگە قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ بەزىدە شارائىتنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە گۈزەل ئۈلگە ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئۈنسىز ۋەز-نەسىھەتنى ھەركىم، ھەر يەردە قىلالايدۇ. چۈنكى، دۇرۇسلۇق، سەمىمىي مۇئامىلە، گۈزەل ئەخلاق ۋە مېھىر-مۇھەببەت ھېچبىر يەردە چەكلەنمەيدۇ، ئەكسىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ غايىگە قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟

باللىرىمىزنى ئەنە شۇنداق چىن مەنىدە مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغۋار غايىگە پەقەت قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنى تۈپ مەنبە قىلغان «ئىسلامىي تەربىيە مېتودى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ.

# زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئاياللار ۋە يانفون ئاپىتى

يانفون ۋە باشقا زامانىۋى ئالاقە قوراللىرى ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا بىلىم ئېلىش، ئالاقە قىلىش ۋە خىزمەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بىر قورالدۇر. ئەمما، بۇ ئورۇندا پەلسەپەۋى بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ قورالنى بىز ئىشلىتىۋاتامدۇق ياكى قورال بىزنى ئىشلىتىۋاتامدۇ؟ يانفوننى ئىنسانىي ئېھتىياجلار، ئىلىم-مەرىپەت ۋە يوللۇق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش چوڭ بىر نېمەت بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىپ ئالتۇندەك قىممەتلىك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش، غەيۋەت-شىكايەت تارقىتىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، پىتنە تېرىش ۋە چېقىمچىلىق قىلىش ئۈچۈن قوللىنىش روھىيەتكە يەتكۈزۈلگەن ئېغىر بىر ئاپەتتۇر ۋە ئاخىرەتتە ھېسابىنى بېرىش قىيىن بولىدىغان چوڭ گۇناھتۇر.

تەتقىقاتلار ۋە سانلىق مەلۇماتلارغا نەزەر سالساق، ئاياللارنىڭ يانفونغا ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىغا بېرىلىپ كېتىش نىسبىتىنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىدەك ئەندىشىلىك بىر رېئاللىقنى كۆرىمىز. مەسىلەن، جەنۇبىي كورىيەدە ئېلىپ بېرىلغان بىر ئىلمىي تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كۈنىگە ئالتە سائەتتىن ئارتۇق يانفون ئىشلىتىدىغان ئاياللارنىڭ نىسبىتى 22.9% نى ئىگىلىگەن بولسا، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى پەقەت 10.8% چىققان. دېمەك، ئاياللارنىڭ يانفون ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى ئەرلەرنىڭكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. پىسخولوگىيەلىك تەتقىقاتلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئاياللارنىڭ كۆپ ۋاقىت غەرق بولۇشى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى زەئىپلەشتۈرۈش، پەرۋىش ۋە ئائىلە

مەسئۇلىيىتىگە سەل قاراش، ھەتتا تەن ساقلىقىغا، خۇسۇسەن، نېرۋىسىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغانلىقىنى يەكۈنلىگەن. شۇڭا بۇ كەلگۈسى ئەۋلادنى تەربىيەلەيدىغان ئانىلار ئۈچۈن چەكلىنىشى كېرەك بولغان قىزىل سىزىقتۇر.

دەل مۇشۇنداق قايمۇقۇشلار كۆپەيگەن دەۋردە، ئىسلام دىنىمىزدىكى نىكاھلىنىشتا جور تاللاش ئۆلچىمىنىڭ نەقەدەر ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. دىنىمىزدا قىزلارنى چوقۇم دىيانەتلىك، ساغلام تەپەككۇرلۇق ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئەرلەرگە ياتلىق قىلىش قاتتىق تەۋسىيە قىلىنىدۇ. چۈنكى، دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئەر ئايالىنىڭ شۇنداق تېڭىرقاشلىرىدا توغرا يول كۆرسەتكۈچىسى، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتى ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولىدۇ. ئۇ ئايالىنى ياخشى ئەمەللەرگە رىغبەتلەندۈرۈپ، مەنىسىز ۋە ناچار ئىش-ئادەتلەردىن توسۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىمانلىق ئەر-ئايال ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىغان ھالدا، رېئال ھاياتتا مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان، سائادەتلىك بىر گۈزەل ھاياتنى بەرپا قىلىدۇ.

## قانداق قىلغاندا ئۈلگىلىك ئانا بولغىلى بولىدۇ؟

دۇنيادا ھېچقانداق ئۇلۇغۋار ئىش ئۆزلۈكىدىنلا يۈز بەرمەيدۇ. مەيلى قانداقلا بىر مۇۋەپپەقىيەت ياكى چوڭ بىر غەلىبە بولمىسۇن، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم پىلانلىق ئىزدىنىش، تەر تۆكۈش ۋە بەدەل تۆلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن ئانىلارمۇ دەل ئاشۇنداق قەتئىي ئىرادە، ئېنىق پىلان ۋە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت تاجىنى كىيگەن.

ئۈلگىلىك ئانا بولۇش ئۈچۈن، تارىختىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئۈلگىلىك ئانىلارنىڭ نۇرلۇق ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلاردىن ھېكمەت ئۆگىنىش كېرەك. ئۈلگىلەر ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، تارىخىي ئۈلگىلەر بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ روھىنى تارىخىي كىتابلاردىن ۋە قىسسىلەردىن ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق قىلىمىز. يەنە بىرى، ئەتراپىمىزدىكى جانلىق (ھايات) ئۈلگىلەر بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن، بالا تەربىيەلەشتىكى ئۇسۇللىرىدىن ئىزچىل ساۋاق ئېلىپ ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئۈلگىلىك ئانا بولۇش پەرىشتىدەك قىلچە نۇقسانسىز، مۇكەممەل بولۇش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، ئۇ يۈكسەك غايىگە ئىگە بولۇش، چىدامچان ۋە ساباتلىق بولۇش، بالىلارنىڭ قەلبىنى شەرتسىز مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تويۇندۇرۇش، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياخشى ئۈلگە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

تۆۋەندىكىلەر ئۈلگىلىك ئانا بولۇشنىڭ ئەمەلىي ۋە ئىلمىي يوللىرىدىن سانىلىدۇ:

## 1. بالىڭىزنى شەرتسىز، سەممىي سۆيۈڭ

بالىڭىزنى پەقەت ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئاجىزلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى بىلەن قوشۇپ باغرىڭىزغا بېسىڭ. ئۇلارغا ھەر كۈنى تەبەسسۇم بىلەن «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتىڭ. چاچلىرىنى سىلاپ قويۇڭ، مەڭزىگە سۆيۈڭ، مېھىر بىلەن قۇچاقلاڭ. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە تىرىشچانلىقى ۋە ئاددىي ئۇتۇقىنىمۇ سەل چاغلىماي، كۆپتۈرۈپ ماختاپ بېرىڭ. چۈنكى، سۆيگۈ بالىنىڭ قەلبىنى يېتىلدۈرىدىغان ئوزۇقتۇر.

## 2. ئۇلۇغۋار غايە تىكلەڭ

بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشى سىزنىڭ بۈگۈنكى غايىڭىزغا بىۋاسىتە باغلىق. ئىمام شافىئىينىڭ ئانىسى يېتىم ئوغلىنى دىن پېشۋاسى قىلىشنى غايە قىلغاچقا، غەززەدىن ئايرىلىپ مەككىگە كەلگەن، يوقسۇللۇق ئىچىدە كىشىلەرنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ پۇل تېپىپ ئوغلىنى ئوقۇتقان، نەتىجىدە دۇنياغا ئىمام شافىئىيدەك كاتتا زاتنى تەقدىم قىلغان. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئانىسىمۇ ئوغلىنى ئالىم قىلىش غايىسى بىلەن قىشنىڭ سوغۇق كېچىلىرىدە بالىسى بىلەن بىللە تەھەججۇد ئوقۇپ، بامداتتىن بۇرۇن مەسچىتكە ئاپىرىپ، دەرس تۈگىگۈچە سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان. ئاخىرىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى تۆت مەزھەپنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى يېتىشىپ چىققان. سىزنىڭمۇ بالىڭىز ئۈچۈن سىزىلغان كاتتا بىر خەرىتىڭىز بولسۇن.

## 3. ئەمەلىيىتىڭىز بىلەن «ھاياتلىق كىتابى» بولۇڭ

بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، بەلكى كۆرگەن ھەربىكىتىنى دورايدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بىلەن سۈرەتكە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلار سىزدىن ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلەرنى كۆرسۇن، ئىجابىي ۋە يېقىملىق سۆزلەرنى ئاڭلىسۇن. سىز بىرىنچى بولۇپ ئۆزىڭىزنى گۈزەل ئەخلاق، سەۋرچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن زىننەتلەڭ. تېلېفونغا ئاز قاراڭ، قۇرئان ۋە كىتابنى كۆپ ئوقۇڭ، ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ. سىز قانداق بولسىڭىز، بالىڭىز شۇنىڭ ئەينى كۆچۈرۈلمىسىگە ئايلىنىدۇ.

### 4. بالىڭىز ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىڭ

سىزنىڭ بالىڭىزغا بېرەلەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك ۋە قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان سوۋغىڭىز ۋاقتىڭىزدۇر. ھەر كۈنى ئاز بولسىمۇ بارلىق دىققىتىڭىزنى ۋە روھىڭىزنى بالىڭىزغا بېغىشلاپ بىللە ئولتۇرۇڭ. بىللە ئويۇن ئويناڭ، سىردىشىڭ، تەسىرلىك ھېكايە-قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ ۋە ئۆي ئىشلىرىنى بىللە قىلىڭ. سىز پەقەت روھىي ھەمسۆھبەت بولغاندىلا، بالىڭىزنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلەيسىز.

### 5. مېھر-مۇھەببەت بىلەن چەك-چېگرا (قائىدە) بېكىتىڭ

پەزىلەتلىك ئانا دېگەن پەقەت ئەركىلىتىدىغانلا ئەمەس، بەلكى ئورنى كەلگەندە قەتئىيلىك بىلەن «ياق» دېيىشنىمۇ بىلىدىغان پاراسەتلىك ئانىدۇر. بالىلارنىڭ ھەربىر تەلىپىگە شەرتسىز «ماقۇل» دەيدىغان مېھرىبانلىق بالىنى شەخسىيەتچى، قانائەتسىز، ھەددىنى بىلمەيدىغان ۋە مەسئۇلىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ. ئائىلىدە ئېنىق قائىدە-تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بالىنىڭ ئەقلىگە ماس ھالدا ئۆگىتىڭ. تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغاندا ئۇرۇپ، تىللاپ، ھاقارەتلەپ جازالىماستىن، بەلكى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇق ياكى پائالىيەتلىرىدىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى جازا بېرىڭ.

### 6. بالىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى ئوقۇشنى بىلىڭ

بالىلارنىڭ يۇمران دۇنياسىنى چۈشىنىش تەربىيەنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ دۇنياسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، دەردىگە داۋا تاپالمايسىز. بالىڭىز يىغلىغاندا ياكى ئاچچىقلانغاندا، قوپاللىق بىلەن «ئۈنىڭنى چىقارما، يىغلىما!» دەپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى بوغۇۋەتمەستىن، ئېڭىشىپ تۇرۇپ، كۆزىگە قاراپ: «بالام، نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتىسەن؟ سېنى نېمە بىئارام قىلدى؟» دەپ سوراپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئاڭلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشقا تىرىشىڭ.

### 7. ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ ۋە ئاسراڭ

قۇرۇق قۇدۇقتىن سۇ چىقمايدۇ. ئانا ئاۋۋال ئۆزى روھىي ۋە جىسمانىي

جەھەتتىن تويۇنغان، خۇشال ۋە ساغلام بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشنى بىلىدىغان، ئۆيگە ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئېلىپ كىرەلەيدىغان ئانا ھەقىقىي كۈچلۈك ئانىدۇر. شۇڭا ئۆزىڭىز ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ روھىڭىزنى ئارام ئالدۇرۇڭ. بالىڭىز سىزنى خۇشال كۆرسە، ئۇنىڭ دۇنياسى يورۇق بولۇپ كېتىدۇ؛ سىزنى غەمكىن كۆرسە، ئۇنىڭ يۇمران قەلبىنى زۇلمەت باسىدۇ.

## 8. خاتالىششتىن قورقماڭ، كەچۈرۈم سوراشتىن تارتىنماڭ

دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ۋە ھېچقانداق ئانا نۇقسانسىز ئەمەس. ئەگەر سىز بالا تەربىيەلەش جەريانىدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ خاتالىشىپ قالسىڭىز، بالىڭىزدىن سەمىمىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سوراڭ. ئاتا-ئانا ھەرگىز خاتالاشمايدۇ، دەيدىغان بىرەر قائىدە يوق. سىزنىڭ بالىڭىزدىن كەچۈرۈم سورىشىڭىز، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ پەزىلەت دەرسىدۇر. چۈنكى بالىڭىز شۇ ئارقىلىق كەمتەرلىكنى ۋە كەچۈرۈم سوراشنى ئۆگىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ. خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر (يەنى خاتالىقىنى تۈزەتكۈچىلەردۇر)» [1] دەپ كۆرسەتكەن.

## 9. ئاللاھقا كۆپ دۇئا قىلىڭ

بالىڭىزنىڭ تېنى ساغلام، روھى پاكىز، ئىمانى كامىل ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ۋە ئۆزىڭىزنىڭ سەۋرلىك، مېھرىبان ئانا بولۇشىڭىز ئۈچۈن، كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىڭ. ئىنساننىڭ كۈچى چەكلىك، ئەمما ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر. دۇئا مۆئمىننىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قورالى ۋە ئۈمىدۋار قەلبىنىڭ تەسەللىيسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن قىلغان سەمىمىي دۇئاسىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ، شەكسىز ئىجابەت قىلىدۇ.

---

[1] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

# يانفون مەستانىلىكنى قۇرئان ئىشقىغا ئالماشتۇرۇش

زامانىمىزدىكى ئانىلارنىڭ (شۇنداقلا ئاتىلارنىڭ) ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلالايدىغان ئەڭ بۈيۈك ياخشىلىقى، ئۇلارغا قالدۇرالايدىغان ئەڭ قىممەتلىك مىراسى ۋە بېرەلەيدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىي تەربىيەسى ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدىكى زەھەرلىك «يانفون ۋە ئېكران خۇمارى»نى، مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمگە ۋە ئىلىمگە بولغان ئىشق-مۇھەببەتكە ئۆزگەرتىپ بېرىشىدۇر. بۇ ئاددىيغىنا بىر ئادەت ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىنسان روھىيىتىدىكى بۈيۈك بىر ئىنقىلابتۇر. بۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە خاراكتېرىنى تاۋلاش ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئىجابىي نەتىجىلەرنى ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئائىلىگە قۇت-بەرىكەت ۋە روھىي خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. يانفون ۋە مېدىيانىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولۇپ، روھىنى قۇرئان نۇرى بىلەن يورۇتۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ۋە بالىلىرىنىمۇ مۇشۇ نۇرلۇق مۇھىتقا باشلىيالىغان ئاتا شەك-شۈبھىسىزكى، زامانىمىزنىڭ ھەقىقىي غەلىبە قىلغان قەھرىمان ئانىسىدۇر!

بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە پەقەت ئانىلارنىڭلا مۇرىسىگە ئارتىلغان يۈك ئەمەس، بەلكى ئاتىلارمۇ بۇ سەپتە چوقۇم باشلامچى بولۇشى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پەرزەنتلىرىگە جانلىق ئۈلگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پەلسەپىدە شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى: «بالىلار سىزنىڭ نەسىھىتىڭىزگە قۇلاق سالمايدۇ، بەلكى سىزنىڭ ئىزىڭىزنى باسىدۇ». ئەگەر بالىلار ئائىلىدە كېچە-كۈندۈز يانفونغا تىكىلىپ، كۆڭ نۇر ئېكرانىنىڭ ئالدىدا ئۆز ھاياتىنى خورىتىۋاتقان ئاتا-ئانىنى كۆرۈپ چوڭ بولسا، ئۇلارمۇ مۇقەررەر ھالدا شۇ ئېلېكترونلۇق كىشەننىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە، داۋاملىق قولىدا

قۇرئان كەرىم، كىتاب ۋە قەلەم تۇتۇپ تۇرغان، روھىيەت دۇنياسى باياشات ئاتا-ئانىنى كۆرۈپ ئۆسكەن بالا ئۆزلۈكىدىن نۇرلۇق بىلىم ئىگىسى ۋە تەپەككۇر ساھىبى بولۇپ يېتىشىدۇ. دانا خەلقىمىز: «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئورىسەن» دەپ ناھايىتى توغرا خۇلاسە چىقارغان. ھاياتلىق ئېتىزىمىزغا قايسى ئۇرۇقنى چاچساق، كەلگۈسىمىزدىن شۇنىڭ مېۋىسىنى ئالىمىز.

## ئادەتنىڭ كۈچى: 21 كۈندىن 40 كۈنگىچە بولغان مۆجىزە

ئادەتتە، بىزگە ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇيۇلغان ئىشلارنىمۇ، مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىمىزنى مەجبۇرلاش، نەپسىمىز بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرساق، ئۇ خۇددى نەپەس ئالغاندەكلا تەبىئىي، ھېچ ئويلىماستىنلا قىلىۋېتىدىغان ھالەتكە (يەنى ئادەتكە) ئايلىنىدۇ. پىسخولوگىيە ۋە ئىسلامىي تەربىيە ئىلىملىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسان ئەقلىي ئىرادە ئارقىلىق ئۆز مېڭىسىنىڭ نېرۋا يوللىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقالايدۇ.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىنسان ئۆز نەپسىنى پاكلاپ، يامان ئادەتتىن قۇتۇلۇش ياكى يېڭى بىر ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، «40 كۈنلۈك» مەشىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ كەلگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ۋە ھاياتلىقتىكى بۇرۇلۇشىدىمۇ 40 ساننىڭ ئۆزگىچە خاس ئىلاھىي ھېكمىتى بار. زامانىۋى نېرۋا-پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى يېڭى بىر ئادەتنىڭ مېڭىدە دەسلەپكى ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈشى ئۈچۈن كەم دېگەندە «21 كۈن» ئىزچىل تەكرارلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەك، قىسقىسى 21 كۈندە، ئۇزۇنى 40 كۈندە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن تىرىشقاندا، ئىنسان روھى بۇرۇن قىلمىسا تۇرالمايدىغان يامان ئىشلاردىن (مەسىلەن، يانفونغا ياكى تاماكىغا خۇمار بولۇشتىن) ئۈزۈل-كېسىل ۋاز كېچەلەيدۇ ۋە قىلمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان ياخشى ئىشلارغا (مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش، كىتاب كۆرۈشكە) مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟» دېگەن سۆزىمۇ ماھىيەتتە كۆنۈشنىڭ ۋە ئادەتنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى چەكسىز كۈچىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

## يانفون: قولايلىق قورالمۇ ياكى روھىيەتنى يۇتقۇچى قارا ئۆڭكۈرمۇ؟

بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن كىشىلەر يانفونغا ئېھتىياجدىن تاشقىرى، ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتتى. يانفونغا قاراش قورالنى ئىشلىتىش ئەمەس، بەلكى قورالنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىشتەك پاجىئەلىك بىر تەبىئىي ھالەتكە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر ئىش ئورنىدا، ماشىنىدا رول تۇتقاندا، مېترودا، ئۆچىرەتتە، كوچىدا ماڭغاندا، ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغان داستىخاندا، مېھماندارچىلىقتا، مەسچىتتە ۋە ھەرقانداق مۇقەددەس جايدىمۇ يانفون بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ھەتتا كۆڭلى سەللا سىقىلغان ياكى بىكار قالغان ھامان، دەرھال يانفوننى قولىغا ئېلىپ، ئېكران سىيرىش ئارقىلىق ساختا تەسەللىي ئىزدەيدۇ. بۇ خىل ئومۇميۈزلۈك سەلبىي ئەھۋال بىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش قۇۋۋىتىمىزنى يوقىتىشىمىزغا، خىزمەتتىكى ئۈنۈمدارلىقىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە، ئەڭ يامىنى ئەتراپىمىزدىكى ئىنسانلار بىلەن بولغان روھىي رىشتىمىزنىڭ ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولماقتا.

مەشھۇر پەن-تېخنىكا ۋە تەبىئەت يازغۇچىسى، پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى كەترىن پرايس (Catherine Price) كىشىلەرنىڭ ئېكرانغا باغلانغان بۇ كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، «قانداق قىلغاندا يانفوندىن ئايرىلىپ (روھىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ)، ھاياتىمىزنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ؟» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ئىزدىنىپ كىتاب يازغان. كىتابىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇ يانفوننىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى قانداق ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى، بىزدىكى دىققەت-ئېتىبارنى قانداق پارچىلاپ تاشلايدىغانلىقىنى، توختىماي ئاجرىتىلىپ چىقىدىغان «دوپامىن» ماددىسى سەۋەبلىك قەلبىمىزگە قۇرۇق بېسىم ۋە ئەندىشە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ساغلام ئۇيقۇمىز ۋە نېرۋىمىزغا يەتكۈزىدىغان ھالاكەتلىك زىيانلىرىنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچى يېرىمىدا بولسا، يانفوننى تۇرمۇشىمىزدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان «ساغلام مۇناسىۋەت» نى قايتا ئورنىتىش، يەنى قورالنى ئۆز ئورنىدا توغرا قوللىنىش ئۈچۈن «30

كۆڭۈلۈك رەقەملىك ساغلاملىق پىلانى» نى تەقدىم قىلغان. تۆۋەندە بىز بۇ ئىلمىي تەۋسىيەلەرنى ئىسلامىي تۇرمۇش شەكلىمىز ۋە پەلسەپەۋى چۈشەنچىلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي قەدەملەرگە ئايلاندۇرىمىز:

### 1. نەپسىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىپ، رىغبەتنى (خۇمارنى) يېڭىڭ

تاماكا ياكى باشقا زەھەرلىك ماددىلارنىڭ خۇمارىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق ئىرادە تەلەپ قىلىنسا، يانفون خۇمارىنى يېڭىشكىمۇ دەل شۇنداق مۇستەھكەم ئىرادە تەلەپ قىلىنىدۇ. ماھىيەتتە، بۇ ئەقىل بىلەن نەپس ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان كىچىك تىپتىكى جىھادتۇر. قولىڭىز تېلېفونغا تەلپۈنگەن ئاشۇ سېكۇنتتا قەلبىڭىزدىكى شۇ خۇمارنى يېڭىشكە ئۇرۇنۇڭ. رىغبەتنى يېڭىش ئۇنىڭغا قورۇق ئاچچىقلىنىش ياكى ئۆزىڭىزنى جازالاش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىستەك كەلگەن ئاشۇ سېكۇنتلاردا ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ يانفوننى قولىڭىزغا ئالماسلىق، دىققىتىڭىزنى دەرھال باشقا ئەمەلىي، پايدىلىق بىر ئىشقا بۇرۇش بىلەن بولىدۇ. شۇ بىر نەچچە سېكۇنتلۇق رىغبەت دولقۇنىدىن ئۆتۈۋالسىڭىزلا ئىرادىڭىز بىر بالداق يۈكسەلگەن بولىدۇ.

### 2. بۇ مۈشكۈل كۈرەشكە ئائىلىڭىزنىمۇ شېرىك قىلىڭ

بۇ ياخشى ئادەتنى يالغۇز باشلىسىڭىز قىيىن تۇيۇلۇشى مۇمكىن. شۇڭا يانفون خۇمارىڭىزغا چەك قويۇش قارارىغا كەلگەن ھامان، ئەتراپىڭىز-دىكىلەرنى، بولۇپمۇ ئائىلە ئەزالىرىڭىزنى سىز بىلەن بىللە سەپداش بولۇشقا چاقىرىڭ. بىر ئىشنى كوللېكتىپ بىللە قىلغاندا، بىر-بىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كۈچى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ گويا ئائىلە بويىچە يېڭى بىر تەنتەربىيە تۈرىگە ياكى روھىي تاۋلىنىش لاگېرىغا قاتناشقانغا ئوخشاش قىزىقارلىق، مەنىلىك ھەم ئاسان ئۆتىدۇ، ھەمدە سىزگە يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايدۇ.

### 3. روھىڭىزنى ئاسراش ئۈچۈن خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىسىنى تاقىۋېتىڭ

دىققىتىڭىزنى ھەر قاچان چېچىپ تۇرىدىغان، سىزنى تېلېفونغا چاقىرىدىغان ھەر خىل ئەپلەرنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ئۈچۈر

تاپشۇرۇۋېلىش ئاۋازلىرىنى پۈتۈنلەي تاقاپ قويۇڭ. ئەگەر «مۇھىم ئىشلار چىقىپ قالسا خەۋەرسىز قالارمەنمۇ؟» دەپ ئەنسىرىسىڭىز، يانفونىڭىزنى پەقەت «مۇھىم كىشىلەر»گىلا ئاۋاز چىقىدىغان قىلىپ تەڭشەڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، داستىخان بېشىدا، ئىش ئورنىدا ۋە ياتاق ئۆيىدە تېلېفونغا پەقەتلا قارىماسلىقنى، ناماز ۋە تىلاۋەت ۋاقىتلىرىدا ئۇنى يىراق تۇتۇشنى ئائىلىنىڭ مۇقەددەس پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇڭ. چۈنكى، سىرتقى دۇنيانىڭ شاۋقۇنىنى توختاتقاندىلا قەلبىڭىزنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالايسىز.

## 4. جانلىق كىشىلەرنى تاشلاپ، جانسىز ئېكرانغا تىكىلمەڭ

مېھماندارچىلىقتا، دوستلار بىلەن سۆھبەتتە، ياكى ئائىلە ئەزالىرىڭىز بىلەن داستىخان ئەتراپىدا جەم بولغاندا، يانفونىڭىزنى كۆز كۆرمەيدىغان يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭ. ئالدىڭىزدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان جانلىق، ھېسسىياتلىق ئىنسانلارنى تاشلاپ قويۇپ، جانسىز ئېكرانغا تىكىلىپ ئولتۇرۇش گوياكى «سىلەرنىڭ مېنىڭ نەزەرىمدە قىلچە قىممىتىڭلار يوق، مەن بۇ يەردە بولۇشنى خالىمايمەن» دېگەن سۆزسىز ھاقارەتتۇر. فىزىكىلىق جەھەتتىن بىللە تۇرۇپ، روھىي جەھەتتىن يوق بولۇش ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئەڭ ئېغىر زەربىدۇر. شۇڭا كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا دىققىتىمىز ۋە ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھازىر بولۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

## 5. 24 سائەتلىك «رەقەملىك روزا» تۇتۇپ بېقىڭ

30 كۈنلۈك يانفوندىن ئايرىلىش مەشقى داۋامىدا، ھەپتىدە بىر قېتىم تولۇق 24 سائەت يانفونىڭىزنى تاقاپ كۆزدىن نېرى قىلىدىغان «رەقەملىك روزا»نى تەجرىبە قىلىپ بېقىڭ. بۇ سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ ۋە نەپسىڭىزگە خوجا بولۇش كۈچىڭىزنىڭ قانچىلىك يۈكسەلگەنلىكىنى سىنايدىغان ياخشى پۇرسەتتۇر. بۇ 24 سائەت مەزگىلىدە سىز روھىي جەھەتتىن ئېتىكاپتا بولىسىز؛ تىرىكچىلىك، ئىبادەت قىلىش، ئائىلىڭىزگە ۋاقىت ئاجرىتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، كىتاب ئوقۇش، تەبىئەتكە چىقىپ ئارام ئېلىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن كىرىشەلەيسىز. شۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ يانفون ئالدىدا نەقەدەر كۆپ ئالتۇندەك قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى

زايە قىلىۋەتكەنلىكىڭىزنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىسىز.

## 6. ۋاقتىڭىزنى مەنىۋى بايلىققا ۋە گۈزەل ھاياتقا ئالماشتۇرۇڭ

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا پەرۋاسىزلىق بىلەن ئىسراپ قىلىۋاتقان شۇ ھەربىر مىنۇتىڭىز ماھىيەتتە سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇ بىھۇدە سەرپ قىلىنغان ۋاقىت ئەسلىدە يېڭى بىر ماھارەت ئۆگىنىشكە، بىرەر ئىلمىي يېڭىلىقنى بايقاشقا ۋەياكى ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىشكە يېتەرلىك ئىدى.

ھېچبولمىغاندا، يانفونغا قۇربان قىلغان ئاشۇ سائەتلەردە بىرەر پارە قۇرئان ئوقۇسىڭىز قەلبىڭىز نۇرلىنىدۇ، ئۇزۇنراق پىيادە ماڭسىڭىز تېنىڭىز چېنىقىدۇ، بىرەر ياخشى ئەسەرنى ئوقۇسىڭىز پىكىر دۇنيايىڭىز كېڭىيىدۇ. يىراقتا كەتكەن ياكى ياشىنىپ قالغان بىرەر تۇغقىنىڭىزنى يوقلىسىڭىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىسىز، ئائىلىڭىز ۋە پەرزەنتلىرىڭىز بىلەن بىر-بىرىڭلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كۆڭۈللۈك سىردىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزسىڭىز دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسانغا ئايلىنىسىز.

## 7. كىتاب بىلەن يانفوننى بىر ئارىغا كەلتۈرمەڭ

سىز قۇرئان ئوقۇماقچى ياكى كىتاب كۆرمەكچى بولغاندا، يانفوندىن چوقۇم يىراقلىشىڭ، ئۇنى يىراق بىر جايدا، ئەڭ ياخشىسى باشقا بىر خانىدا قويۇشنى ئادەت قىلىۋېلىڭ. شۇنداق قىلمىغاندا، يانفوننىڭ جازىبىيىتى سىزنى قۇرئان ياكى كىتاب بىلەن يالغۇز قېلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، يالغۇن شەيتىنى دىققىتىڭىزنى چېچىۋېتىدۇ. شەكسىزكى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، كىتاب ئوقۇش، زىكىر ۋە ئىستىغپار ئېيتىش ۋاقتىدىكى ئەڭ يامان شەيتان يالغۇن شەيتىنىدۇر. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتان (نىڭ ئازدۇرۇشى)دىن ئاللاھقا سىغىنىپ

پاناھ تىلىگىن»[1]. قولىمىزدىكى شەيتاندىن يىراقلاشماي تۇرۇپ، ۋەسۋەسە قىلىدىغان شەيتاندىن پاناھ تىلىگەنىنىڭ ئۆنۈمى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى تەۋسىيەلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تېنىمىز ئۈچۈن شىپا، روھىمىز ئۈچۈن پاكلىق، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن پارلاق ئۇل بولۇپ، بىزنى ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنى ھەقىقىي مەنىدە يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، سىز مېخانىكىلىق بىر قورالنىڭ قۇلى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ياراتقۇچى ئاللاھنى رازى قىلالايدىغان، ئائىلىسىگە ۋە ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان، ھاياتقا ئىجابىي نەزەر بىلەن باقىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، تېنى ساق، روھى ساغلام بولغان چىن مۇسۇلمانغا ئايلىنىسىز.

[1] نەھل سۈرىسى: 98- ئايەت.